مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد مەزرۇئە

# قۇرئانچىلارنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى شۇبھىلىرى



مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد مەزرۇئە

# قۇرئانچىلارنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى

# شۈبھىلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى : مۇھەممەد جانبازى

# تەرجىماندىن

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن. ياخشى تىلەك ۋە سالاملىرىمىز پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېسىلى بولغان يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇ كىشىنىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىللىرىغا ۋە قىيامەتكە قەدەر ئۇ زاتنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن. ئىسلام ئۈممىتى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ ئۈممەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى كۆرۈپ ھېچقاچان ئارامخۇدا ئولتۇرالىغان ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۇلار ئىسلام دىنىنى ھۇلدىن ئۆرۈش، مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىدىن گۇمانلاندۇرۇپ، شەكلەندۈرۈش ئۈچۈن تارىختىن بىرى توختاۋسىز پىلانلارنى تۈزۈشكەن. قۇرئانى كەرىمگە بىۋاستە تىل ئۇزىتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان دۈشمەنلەر دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى بولغان ھەدىسنى خۇنۇكلەشتۈرۈش مەقسىتىدە ھەدىسكە تىل ئۇزاتقان ۋە ھەدىس ھەققىدە شەك پەيدا قىلىپ، ھەدىسنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تەپسىلىي شەكىلدە ئىنكار قىلىش مەقسىتىدە خىلمۇ ـ خىل ئامال چارىلەرنى قوللانغان. ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلار ـ يەھۇدىلار بىلەن پارىس ساسانىيچىلىرىنىڭ تىل بىرىكتۈرىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان شىئەلەردەك باتىل مەزھەپلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا ـ مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بولسۇن مەيلى كېيىن بولسۇن، بەزىدە خاۋارىجلاردەك ئازغۇن ئېقىملار شەكلىدە، كۆپ ھاللاردا بولسا شەخس شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئەمما ئۇلار مۇئەييەن سالماقنى تەشكىل قىلىپ، ئايرىم بىر مەزھەپ شەكلىدە زورىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. كىتابلاردا ئۇلارغا رەددىيە بېرىدىغان

قىستۇرما سۆزلەر، بايانلار مەۋجۇت بولسىمۇ ئەمما خېلى ئەسىرلەرگىچە ئالاھىدە كىتاپلارنى يېزىپ رەددىيە بېرىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن. ئىمام سۇيۇتىينىڭ **«مفتاح الجنة في الاحتجاج بالسنة»** «ھەدىسنىڭ دەلىللىكى ھەققىدە جەننەت ئاچقۇچى» دېگەن كىتابىنى يېزىشىغا سەۋەب بولغان كىشىلەرمۇ يەنىلا شەخسلەر سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ بىرەر جامائەت تەشكىل قىلغۇدەك ھالغا كېلەلمىگەن. دېمەك ئۇممەتتە بۇلارغا تاقابىل تۇرغىدەك ئىممونىتېت كۈچى بولغانلىقتىن بۇ تۈردىكى كىشىلەرگە رەددىيە بېرىش ئۇچۇن ئالاھىدە قەلەم ئۇچلاش زۆرۈرىيىتى خېلى يېقىنلارغىچە تۇغۇلمىغان. شۇنداقلا ئۇلار كىگىيەلمىگەن، ياكى پىكرى رەددىيە بىلەنلا بازىرىدىن ئايرىلىپ بۇ ساختا تاۋرىغا خېرىدار تاپالمىغان.

شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلانغان، ئەمما ئۇممەت ئۆلىمالىرىنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەتكە ئۆتۈپ رەددىيە بېرىشكە ئەرزىگۈدەك ھالغا كەلمىگەن ھەدىسنى تۈپتىن ئىنكار قىلىش مەسىلىسى ھىجرىيە 13. ئەسىردە بىر قىسىم ئەرەب ۋە غەيرىي ئەرەب ئەللىرىدە شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق بىخلىنىپ، ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا شۇ چاغدىكى ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ بېشى ھېساپلانغان ئەنگلىيەنىڭ پەرۋىش قىلىشى بىلەن قايتىدىن مەيدانغا كەلگەن. شەرىئەتشۇناسلىقتا ھەدىسنى دەلىل قىلماسلىققا دەۋەت قىلىش، ھەمدە ھەدىسنى تاشلاپ قۇرئاندىنلا ھۆكۈم ئېلىش بىلەن كۇپايىلەنگەنلىكلىرى، ئۆزلىرىنىلا قۇرئانغا ئىمان ئېيتقانلار دەپ قاراشقانلىقى ئۇچۇن ئۇلار ئۆزلىرىنى قۇرئانچىلار دەپ ئاتىغان.

مىلادى 19. ئەسرىنىڭ ئاخىرى ھىندىستاندا ھەدىسنى تاشلاپ

قۇرئانغىلا تايىنىشقا دەۋەت قىلىشقا باشلاپ، قۇرئان ئەھلى ياكى قۇرئانچىلار دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ ئادەملەرنىڭ ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى ئىدىيەسى ھىندى يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئالدى بىلەن ياۋرۇپاغا ئارقىدىن بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەللىرىگە قەدەر كىڭەيگەن. قۇرئانچىلار ھەدىسنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى رەت قىلىش، ھەدىسنى ئىسلام شەرىئەتشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلىماسلىقنى ئۆزىگە ئاساس قىلىپ تۇتقان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەر ۋە قۇرئاندىن ئالغانلىقىنى دەۋا قىلغان ھۆكۈملەر ناھايىتى كەمتۈك، چېچىلاڭغۇ، قارىمۇ-قارشىلىققا تولغان، ئىسلام دىنى كۆزلىگەن ئەسلى مەقسەتتىن بەكمۇ يىراق ھالدا مەيدانغا كەلگەن. چۈنكى ئۇلار «بىزگە ئاللاھنىڭ كىتابى كۇپايە» دېگەن شوئارنى كۆتۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ھەدىسنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئىزاھلايدىغان، تەپسىر قىلىدىغان، ئەھكاملىرىنى مۇكەممەللەيدىغان بايانات سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇشقان ئىدى.

بۇ ئاتالمىش قۇرئاندىن يىراق قۇرئانچىلار ھەممىنى تاشلاپ قويۇپ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى سۈپىتىدە قۇرئان كەرىمنىلا ھېسابقا ئېلىش، ھەدىس، سىيرەت، تەپسىر، قىياس، ئىجتىھات ، ساھابىلارنىڭ ئىش ھەرىكىتى، ئىجمائ ۋە ئىماملارنىڭ پەتىۋالىرىدىن ئىبارەت قۇرئاندىن باشقا پۈتكۈل مەنبەنى رەت قىلىشنى باتىل ئىدىيەلىرىنىڭ تۈپكى ئاساسى قىلغان بولۇپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زەھەرلىك ئوقلىرىنى ئاساسەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسگىلا قارىتىپ ھەدىسنى- ئۆزلىرىنىڭ پىكرىگە پايدىلىق يەرلىرىدىن پايدىلانسىمۇ- مەزھەپلىرىدىن كۈچىنىڭ بارىچە چەتكە قاققان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم كۇپايە» دېيىش ئارقىلىق ھەدىسنىڭ ئىسلام شەرىئەتشۇناسلىقىنىڭ

ئىككىنچى مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپلا قالماي بەلكى ھەدىسنى «ھەدىس قۇرئانى كەرىمدەك قوغدالمىغان، ھەدىسنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى دەپ جەزىملەشتۈرگىلى بولمايدۇ» دېگەن نام بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تەپسىلىي رەت قىلىشقان. ئۇلارنىڭ ھەدىسنى رەت قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىسلامدا "بۇ باتىل قاراشنىڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغان بىرمۇ ئەمەل قالمىغان" دەپ ئېيتساق خاتا بولمىغۇدەك ھالەت شەكىللەنگەن. مەسىلەن: ئۇلار روزىنى رامزان ئېيىدا ئەمەس شەئبان ئېيىدا كېلىدۇ، دەپ داۋراڭ قىلىشقان بولسا، كەئبىنى بىر بۇتتۇر، كەئبىنى تاۋاپ قىلماق جاھىلىيەتتىكى بۇددىستلارنىڭ ئادەتلىرىنىڭ بىرىدۇر دەپ ھېسابلاشقان. ئۇلار قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشتا ھەدىس، تەپسىر، ئۆلىمالارنىڭ پىكرى، ئۇممەتنىڭ ئىجماسى... ھەممىنى تاشلاپ پەقەت ئەرەب تىلىغىلا ئاساسلىنىدىغان بولۇپ، قۇرئانى كەرىمنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئىزاھلايدىغان ھەدىسنى چەتكە قاققانلىق سەۋەبىدىن ئايەتلەر ۋە ئەھكاملارنى ئۆزىنىڭ ئاساسي مەقسىتىدىن بۇرمىلاپ نەپسى خاھىشى بويىچە ئىزاھلاشقان. شۇ تۈپەيلى «ئۇممەتنىڭ بىرلىكى پەقەت قۇرئان بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ» دەپ بىلجىرلاپ يولغا چىققان بۇ ئادەملەر ھەدىستىن ئايرىلىپ ئۇممەت بىلەن ئەمەس قۇرئانچىلارمۇ ئۆز ـ ئارامۇ ھېچقايسى ئىشتا بىرلىشەلمىگەن.

ئۆزلىرىنى قۇرئانچىلار دەپ ئاتىۋالغان، ئىسلامىي ئىدىيىنى يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلاپ، مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىللىرىغا ئۇيغۇن بىر پىكىر تەقدىم قىلىشنى ئۇستىگە ئالغان بۇ مەزھەپنى كىشىلەر ھەر نەرسىگە چات كېرىۋالسىمۇ، نامازغا ئارىلاشمايدۇ دەپ ئويلاشقان. لېكىن كۆپ ئەپسۇسكى بۇلار نامازغىمۇ ئارىلىشىپ،

مۇسۇلمانلارنى «نامازنى ئەمىلىي شەكىلدە زايە قىلدى. نامازنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتتى، بۇرمىلىدى، قوشتى ۋە قىسقارتتى» دەپ ئەيىپلەشكەن. بۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشتە ئاساسى «ھازىرقى شەكىلدىكى ناماز قۇرئاندا بايان قىلىنمىغان، قۇرئان ھېچ نەرسىگە سەل قارىمىغان ئىدى. ھەممە نەرسىنىڭ قۇرئانى كەرىمدە بارلىقىدىن ئېنىقكى، نامازمۇ قۇرئاندا مەۋجۇت» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى دېگۈدەك قۇرئاندىن ئۆزىنىڭ ئەقلى يەتكىنى ۋە نەپس خاھىشى پەردازلاپ كۆرسەتكىنى بويىچە: «مانا مۇشۇ ناماز، ناماز مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. نامازنىڭ شەكلى مانا مۇنداق بولۇشى لازىم... ئەمما باشقا شەكىللەر چوقۇم ئازغۇنلۇقتۇر.» دەپ ئۆزىچە بىر نەرسىلەرنى يەكۈنلەپ چىقىشقان. بىز ئۇلارغا ماقۇل، ئۇنداقتا: سىلەرنىڭ قارىشىڭلاردىكى نامازنىڭ شەكلى قانداق؟ سانىچۇ؟ دەپ سورىغۇدەك بولساق، «قۇرئانى كەرىمدىنلا ئالىمىز» دەپ ھەدىسكە دۈشمەنلىكتە ئۆزئارا بىرلىككە كەلگەن بۇ مەخلۇقلارنىڭ ھېچقايسىسىبىرىنىڭ ئەقەللى شۇ ناماز ھەققىدىمۇ بىر خىل كۆز قاراشقا كېلەلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ بىرلىرى نامازنى بامدات، ئەسىر، خۇپتەندىن ئىبارەت ئۈچ ۋاقىت دىسە، بەزىلىرى بامدات، شام، خۇپتەندىن ئىبارەت ئۈچ ۋاقىت دەيدۇ. بەزىلىرى بامدات، خۇپتەندىن ئىبارەت ئىككىلا ۋاقىت دېسە، يەنە بىرلىرى ئالتە ۋاقىت دېيىش ئارقىلىق ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان بەش ۋاقىت نامازغا ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتىغا ئۇدۇللاپ بىر ۋاقىت نامازنى قوشىدۇ. ھەممىسىلا «قۇرئاندا دەلىلىم بار» دەپ قۇرئاندىن دەلىل قىلىدۇ. نامازنىڭ شەكلى ھەققىدە سورىغۇدەك بولساق ئۇلاردىن ھەر نېمە چىقىدىغانلىقى ئېنىق. بەزىسى ناماز ھەرىكەتلەر بىلەن ئەمەس ۋاقىتلارنى قىياس قىلىش

بىلەن بولىدۇ، يەنى: مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى ھەربىر نامازنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قىرىق بەش مىنۇت ئەتراپىدا ئوقۇشى كېرەك دېسە، يەنە بەزىسى بولسا ناماز ھەرىكەتلەر بىلەن بولىدۇ، لېكىن ھەر ۋاقىت ناماز قىيام ۋە سەجدىدىن باشقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ دەيدۇ. بەزىسى ناماز قىيام، روكۇ ۋە سەجدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەيدۇ. بەزىلىرى رۇكۇ دېگىنى ھازىر بىز قىلىۋاتقاندەك ئەمەس، رۇكۇ دېگەن ئىنسان ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغىنىغا ئوخشىغان ئولتۇرۇش شەكلىدۇر دەيدۇ. مەلۇمكى ئۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش ئىسمىلىك بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان. بۇلارنىڭ يەنە بەزىسى ئېڭىكى بىلەن سەجدە قىلسا، بەزىلىرى نامازنى بىرلا رەكەت دەيدۇ. بەزىلىرى ناماز ئىككى رەكئەت دەپ بېكىتكەن بولسا، يەنە بەزىلىرى جۈمەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ... ۋاھاكازالار. دەرھەقىقەت ئۇلار نامازنىڭ قېتىم سانى، شەكلى ۋە ياكى ۋاقتى ئۈستىدە بىرلىككە كېلەلمىگەن بىلەن بىز بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلارنى قارىلاپ ئازغۇنغا چىقىرىشتا بىرلىككە كەلگەن. ھەر بىر قۇرئانچى ئۆزىدىن باشقا ھەممە قۇرئانچىلارنى ئازغۇنغا چىقىرىشتا ھەم بىردەك. بۇ زالالەتنىڭ تۈپ مەنبەسى ئۇلارنىڭ قۇرئاندىن باشقا ۋەھيىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقىدىندۇر.

ھىندىستاندا مەيدانغا كېلىپ بۇ ئۈممەتكە تالايلىغان پاراكەندىچىلىكلەرنى كەلتۈرگەن ئىنگلىز مەنبەلىك بۇ مەزھەپنىڭ ھەر قايسى ئەللەرگە تارقالغان قۇيرۇقلىرى خوجايىنلىرىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى دەستىكى بىلەن بۇ باتىل ئىدىيەلىرىنى تىنىمسىز تۈردە يايغان. ئۇلار ھىندىستان ۋە پاكىستاندىن ئىشچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارقىلىق ياۋرۇپاغا جۈملىدىن ئەنگلىيەگە تارقالغان بولسا، ئەنگلىيەدىن

ئىبارەت بۇ ئەسلى يۇرتىدىن يەنە مىسىر، سۇدان، ئوردۇن . . .لارغا، مىسىردىن تۈركىيەگە، تۈركىيەدىن بۇ مىكروپقا قونۇپ باققان چىۋىنلەر ئارقىلىق بىز ئۇيغۇرغا قەدەر تارقالغان. ئىسلام دۇنياسىغا پىكرى يىتەكچىلىك قىلىدۇ دەپ قارىلىۋاتقان مىسىردا بۇ ۋەزىيەتنى ئەھمەت سۇبھى مەنسۇر ئىسمىلىك بىرى ئۇستىگە ئالغان. ئۇ ئەزھەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بولۇپ، ئازغۇنلۇقلىرى، غەلىتە قاراشلىرى سەۋەبلىك خىزمەتتىن ھەيدەلگەن. مىسىردىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىپ شۇ يەردە ماكانلاشقان، ئۇ ھازىرغا قەدەر ئامرىكىدا ئىنتېرنېت ئارقىلىق بۇ يامان سۇپەتلىك ئۆسمىنى پەرۋىش قىلماقتا، ھەمدە مىسىردىكى قۇرئانچىلارنىڭ روھى دادىسى دەپ ھېسابلىنىپ كەلمەكتە. ئۇندىن باشقا مىسىردا يەنە ئەمىن يۇسۇپ ئەلى، ئەلى مەندۇۋە سىيىسى، ئىيھاپ ئابدۇ قاتارلىقلار قۇرئانچىلارنىڭ داھىيلىرى سۈپىتىدە پائالىيەت قىلغان. ھەدىسنى تۆپتىن ياكى قىسمەن ئىنكار قىلىش ھەرىكىتىنى بۆلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر: بۇ ھەرىكەتنىڭ ھازىرقى داۋامى بۆلار بىلەن باشلانغان بولماستىن بەلكى خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن، ھەدىسكە دۈشمەنلىك قىلىپ، قۇرئان كەرىم بىلەن كۇپايىلىنىش داۋرىگى سالغان، يېڭىلاش ۋە دىنىي ئىسلاھات بايرىقى كۆتۈرگەنلەر ئىچىدە يەنە مىسىر دىيارىنىڭ سابىق مۇپتىسى مۇھەممەد ئەبدۇھ، مۇھەممەد ئەبۇ رەييان، سالىھ ئەبۇ بەكىر، ھەتتا سىياسەتچىلەردىن سۇداندىكى ھەسەن تۇرابى، يېقىندا خەلقىنىڭ قولىدا ئۆلگەن مۇئەممەر قەززاپى، ئىسلامنىڭ سۇبھى دەۋرى دېگەن كىتاپنىڭ موئەللىپى ئەھمەد ئەمىن قاتارلىقلار بار دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىرلىكى ۋە ئىناقلىقىغا زەربە بېرىش ئارقىلىق

ئۈممەتكە سۇيىقەست قىلىش پىلانى تۈزگەن ئادىمى ۋە جىننى شەيتانلار، ھەمدە ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ قۇرئانچىلار ئارقىلىق ئۈممەتكە قىلغان ھوجۇمىغا ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىز ھېچقاچان قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرغىنى يوق. ھەر دەۋرىدىكى ئالىملار ئۆز دەۋرىدىكى پىتنە ۋە زالالەتكە لايىقىدا تاقابىل تۇرغىنىدەك بۈنگۈنگىمۇ ھەم لايىقىدا تاقابىل تۇرۇپ ئۆز ئۈستىلىرىدىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ ھەققىنى بايان قىلغان.

بۇرۇنقىلار ئىچىدە ھەدىسنى رەت قىلغۇچىلارغا يازما رەددىيە بەرگەنلەر خېلى بار بولۇپ، بىز ئۆرنەك سۈپىتىدە بۇلاردىن ئىككى مۆتىۋەر ئالىمنىڭ دېگەنلىرىنى كەلتۈرىمىز. بۇلارنىڭ بىرى ئىبنى ھەزىم ئەندەلۇسى بولۇپ بۇ كىشى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئىنسان بىز قۇرئانى كەرىمدە كۆرگەن نەرسىدىن باشقىنى قوبۇل قىلمايمىز دېسە، بۇ ئادەم ئۈممەتنىڭ ئىجماسى بىلەن كاپىر بولىدۇ. بۇ ھالدا ئۇنىڭ كۈن تىكلىشىپ ئىگىلگەن ۋاقتتىن كۈن كىرگەنگە قەدەر پەقەت بىر ۋاقىت، تاڭ يورىغان ۋاقتىدا يەنە بىر ۋاقىت ناماز ئوقۇشىغا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ ناماز دەپ ئاتالغان ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەقەللى چېكى بولۇپ كۆپىنىڭ چېكى يوقتۇر. قۇرئاننى تۇتۇپ ھەدىسنى رەت قىلىمىز، دېگەن ئادەم كاپىر، مۇشرىك بولۇپ ئۇنىڭ قېنى ۋە مېلى ھالال بولىدۇ.»

ئىمام شاتىبى بۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «قۇرئان بىلەنلا كۇپايىلەنمەك بىر تۈركۈم ھەدىستىن چەتنىگەن دىندا نېسىۋىسى يوق ئادەملەرنىڭ كۆز قارىشى بولۇپ، بۇلار قۇرئاندا ھەر شەيئىنىڭ بايانى بارلىقىدىن ئىبارەت ئايەتلەرگە ئاساسلىنىپ ھەدىسنىڭ ئەھكاملىرىنى تەرك قىلىشقان. مانا بۇ ئۆلارنىڭ مۇسۇلمان جامائەتتىدىن چىقىشىغا

ۋە قۇرئاننى ئاللاھ چۈشۈرگىنىدىن باشقىچە شەكىلدە تەھلىل قىلىشقا ئېلىپ بارغان .»

ھازىرقى زامان ئىسلام ئالىملىرىدىن بۇلارغا رەددىيە بەرگەنلەرنىڭ بىرى شەيخ بىن باز بولۇپ ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: بۇ تۈردىكى ئادەملەر بىر چوڭ ئاپەت، بۆيۈك بىر بالا، زور بىر مۇنكەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئۇلار: تامامى ھەدىسنى ھىچقانداق بىر نوقتىدىن بىر پۈتۈن دەلىل قىلىشقا يارىمايدۇ ـ دېيىشىپ ھەدىسكە، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارغا، ھەدىس كىتاپلىرىغا تەنە قىلىدۇ. ئۇلار موشۇ يولنى تۇتۇشقان، بۇ يولنى لىۋىيەنىڭ رەئىسى مۇئەممەر قەززافى مېڭىپ، جار سالغان، ئازغان ئازدۇرغان ئىدى. مىسىر ۋە باشقا جايلاردا بىر تۈركۈم ئادەملەر بۇ يولدا مېڭىپ، ئۆزلىرىنى قۇرئانچىلار دەپ ئاتاپ ئازغان ۋە ئازدۇرغان. ھەدىس ئۆلىمالىرى ئېلىپ بارغان خىزمەتلەرنى يالغانغا چىقىرىپ بىلمىگەنگە سالغان. ئۇلار قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ ھۆرمەتلىسە، ھەدىسنى چوڭ بىلىپ ئېسىلغان بولاتتى. لېكىن ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابى، رەسۇلىنىڭ ھەدىسنى بىلمىگەن، نەتىجىدە ئازغان ھەم باشقىلارنى ئازدۇرغان.

بۇ ھەقتە ئاۋىستىرىيەلىك ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇھەممەد ئەسەد مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسگە ئەمەل قىلماق ئىسلامنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىسىنى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداپ قېلىش يولىدىكى ھەرىكەتتۇر. ھەدىسنى تەرىك قىلماق ئىسلامدىن چەتنىمەكتۇر. ھەدىس ئىسلام بىناسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر بىتۈن قۇرۇلمىدۇر. بىر بىنانىڭ ئاساسى قۇرۇلمىسىنى ۋەيران قىلساڭ بۇ بىنا بەئەينى قەغەز ئۆيدەك ھېچ كۈچ سەرىپ قىلىنمىسمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ سېنى چۆچۈتمەسمۇ؟!.

هازىرقى زامان ئالىملىرى ئىچىدە مىسىرنىڭ سابىق ۋەقپە مىنىستىرى مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق بىر ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى قۇرئانى كەرىمنىڭ پەيغەمبەرگە خاس ئىزاھلىنىشىدۇر. ئۇ پەرىزلەر، ئىبادەتلەر، بۇيرۇقلار، شۇئارلار، پائالىيەتلەر ۋە ئىسلامى مۇئامىلىلەرنى كۆرسەتكەن قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىنىشىدۇر. ئەمەلى قىلىپ كۆرسىتىلگەن سۈننەت ئىزاھلايدىغان، چۈشەندۈرىدىغان بولسا، تەپسىلى چۈشەندۈرگەن ئاغزاكى بايان بولسا قۇرئاننىڭ پەيغەمبەرگە خاس تەتبىقلىنىشى بولۇپ ئۇ قۇرئانغا خاس زۆرۈرىيەتتۇر. ھەدىسكە ئەمەل قىلماق قۇرئانغا قوشۇمچە قىلغانلىق ئەمەس. پەيغەمبەرنى ئۈلگە قىلماق ۋە قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ھەققىدىكى پەرىزنى بىجا كەلتۈرمەكتۇر. قۇرئاندىن ئىبارەت ئىلاھى كۆرسەتمە بىلەن ھەدىستىن ئىبارەت بۇ ئىلاھى كۆرسەتمىنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمەلى تەتبىقلىشى ئارىسىدىكى تەبىئى باغلىنىش ئاساسى قانۇن بىلەن قانۇن ئارىسىدىكى باغلىنىشقا ناھايىتى ئوخشايدۇ. ئاساسى قانۇن قانۇننىڭ مەنبەسى ۋە يىلتىزىدۇر. قانۇن بولسا ئاساسى قانۇننىڭ يېشىمى ۋە تەتبىقلىنىشىدۇر. ئاساسى قانۇنغا قارشى ياكى زىت كەلگەن قانۇن دەلىل ياكى ئىسپاتلىققا يارىمايدۇ. ئاساسى قانۇن بار دەپ قانۇننى رەت قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

دېمەك ئالىملارنىڭ قۇرئانچىلار ھەققىدە چىقارغان يەكۈن ۋە ــ پەتىۋالىرىنىڭ بىر قانچە ئۆرنىكى مانا بۇنىڭدىن ئىبارەت بولۇپ، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ھەر قانچە كاتتا داۋراڭلارنى سالسىمۇ نامى ئۇلۇق سۈپىرىسى قۇرۇق بولغان بۇ قۇرئانسىز قۇرئانچىلارنىڭ ئىسلام بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. قۇرئان كۇپايە دېگەن بۇ يول ھەر

قايسى دەۋرلەردىكى ھەر خىل زالالەت يوللىرىغا ئوخشاش بىر زالالەت يولىدۇر. بۇ ھەقتىكى تەپسىلى مەسىلىلەرنى دوكتۇر مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد مەزرۇئە بۇ كىتاۋىدا ئۆزىنىڭ ئەمەلى مۇناسىۋەتلىشىشى جەريانىدا بايقىغانلىرى ئاساسىدا بىر قەدەر تەپسىلى شەكىلدە شەرئى بايانى بىلەن ئېچىپ بەرگەن، بۇ ھەقتە ئاز تولا چۈشەنچە ھەمدە ساغلام ئىسلامنىڭ بەدىلىگە زورايماقچى بولۇۋاتقان بۇ پارازىتقا قارشى ئىمونىتىت كۈچى ھازىرلانسا ئەجەپ ئەمەس دېگەن ئۈمىتتە بۇ كىتاپنى تەرجىمە قىلىپ قېرىنداشلارغا سۇندۇق. ئاللاھ بىزنى ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى ،بۇ كىتاپنىڭ چىقىرىلىشى ئۈچۈن ماددى ۋە مەنىۋى ياردەمدە بولغان قېرىنداشلىرىمىزنى، شۇنداقلا پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ھەر تۈرلۈك زالالەت يوللىرى ۋە پىتنە ـ پاساتلاردىن ساقلىسۇن. ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە كىتاپ ۋە سۈننەتتىن ئايرىلماي، كىتاپ ۋە سۈننەتنىڭ خىزمىتىدە ئۆتۈشنى نىسىپ قىلسۇن.

مۇھەممەد جانبازى

# مۇقەددىمە

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن. ئالىي تىلەك ۋە سالاملار ئاللاھنىڭ ئالەملەرگە يوللىغان رەھمىتىگە بولسۇن. شۇنداقلا بۇ كىشىنىڭ قېرىنداشلىرىغا، ئائىلىسىگە ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەتكە قەدەر ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرگەبولسۇن. مەقسەتكە كەلسەك، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلگەن بىر مەزگىلدە ئەۋەتىپ،بۇ كىشىگە قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلدى. بۇ كىشى بىلەن پەيغەمبەرلەرنى ئاخىرلاشتۇردى. بۇ كىشىنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن پەيغەمبەرلىكلەرنى ئاخىرلاشتۇردى. بۇ كىشىنىڭ كىتابى بىلەن كىتابلارنى ھەم ئاخىرلاشتۇردى. بۇ كىشىنىڭ كىتابى بولغان قۇرئاننى ئۆزىدىن بۇرۇن چۈشكەن كىتابلارنىڭ تەستىق قىلغۇچىسى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى ياقىلىغۇچى قىلدى. قۇرئانى كەرىم ئىسلام دىنىنى مۇكەممەل شەكىلدە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ بۇ دىنىنىڭ بىر قىسمى قۇرئاندا ئايرىم – ئايرىم تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولسا ، كۆپ قىسمى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىنغان. ئاللاھ بۇ ئۇلۇغ كىتابنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ۋە تەپسىلاتىنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاپشۇرغان. رەسۇلى كەرىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى قۇرئاندىكى دىنىنىڭ دەمال چۈشەنگىلى بولمايدىغان جايلىرىنى ئىزاھلايدىغان، ئومۇملاشتۇرۇلغان ھۆكۈملەرنى تەپسىلىي بايان قىلىدىغان بىر شەكىلدە مەيدانغا كەلگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ

وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٤٤﴾ ﴾ النحل: ٤٤تەرجىمىسى: « بىز سىزگە (قۇرئاندىن ئىبارەت) بۇ زىكرىنى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى (ۋەھيىنى) ئۇلارغا بايان قىلىپ بېرىشىڭىز ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىپ بېقىشى ئۈچۈن نازىل قىلدۇق » [سۈرە نەھل **44** ـ ئايەت]

قۇرئاندىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كىتاب ئۆزىنى بايان قىلىپ چۈشەندۈرىدىغان ھەدىسكە ئېھتىياجلىق بولغاچقا، بايان قىلغۇچى بىلەن بايان قىلىنغۇچىنىڭ بىر مەنبەدىن ۋە ئوخشاش سەۋىيىدە بولغان بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ ھەدىسنى ۋەھيى قىلغان. دېمەك ھەدىسمۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە قىلغان ۋەھيىسىدىندۇر. ئاللاھ قۇرئاننى ۋەھيي قىلىپ چۈشۈرۈپ ئارقىدىن ۋەھيىدىن يىراق ھالدىكى ئىنسانىيەتكە ئۇ قۇرئاننىڭ بايانىنى قىلماي تاشلاپ قويمايدۇ. ھەدىس قۇرئاندىن مەنپەئەتلىنىشنىڭ، ۋە قۇرئاننىڭ تەلىپى بويىچە ئەمەل قىلىشنىڭ ۋاستىسى ھەم يولى بولغانلىقى ئۈچۈن بايان قىلىنغۇچى (قۇرئان بىلەن ) بايان قىلغۇچى (ھەدىس ) ئوخشاش بىر خىل ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇ نۇقتىدىن قۇرئانى كەرىم بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى بىر مەنبەدىن ، پاك بولغان ئىلاھىي ۋەھيي مەنبەسىدىن كەلگەندۇر. ئاللاھتائالا رەسۇل ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلۡهَوَىٰٓ ﴿٣﴾ إِنۡ هُوَ إِلَّا وَحۡيٞ يُوحَىٰ ﴿٤﴾ ﴾ النجم: ٣ -٤ تەرجىمىسى: « ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. ئۇ (قۇرئان) پەقەت بۇ كىشىگە قىلىنغان ۋەھيىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.»[نەجم سۈرىسى **3** ـ **4** ـ ئايەتلەر]

ئاللاھنىڭ رىسالىتى مەيدانىغا كەلگىنىدىن باشلاپ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ ئىلاھى رىسالەتنى پايلاپ تۇرماقتا. ئاللاھقا،

رەسۇلۇللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا بولغان ئاداۋەت خىلمۇ ـ خىل رەڭلەردە ئىپادىلىنىپ ھەر خىل تۈسلەرگە كىرمەكتە. بىز بۇ شەكىل ۋە رەڭلەرنى ئىككى تۈرگە يىغىنچاقلايمىز.

1. ئىسلامنىڭ بىرىنچى تۈركۈم دۈشمەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئاشكارا جەڭگى جېدەل قىلىشقانلاردۇر. مەسىلەن ئەھلىسەلىپچىلەر، كوممۇنىستلار، لىبېرالىزمچىلار ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك دىنسىزلار... ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنسىزلىقىنى، توغرا يولدا ماڭمايدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلغانلار بولۇپ بۇلارنىڭ زىيىنى بىر قەدەر ئاز، خەتىرى ھەممىگە مەلۇم. چۈنكى ئۇلار دۈشمەنلىكى ئاشكارا، كاپىرلىقى ئوچۇق ئادەملەر بولۇپ مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. بۇلارنىڭ سۈيىقەست ھىيلە ـ مىكرىدىن ھوشيار، ھەم دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ.

2. تۈركۈمى بولسا مۇناپىقلار قاتلىمى بولۇپ بۇلارنىڭ ئىچى باشقا تېشى باشقا. يەنە تېخى ئىسلامىي تونىغا ئورىنىۋالغان بولۇپ، يالغاندىن ئىسلامغا ھېرىسمەندەك، ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقاندەك، ئۈممەتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان ئادەملەردۇر. بۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھىي قىلىنغان مەنبەلىرى ھەققىدە گۇمان تۇغدۇرۇپ ـ خۇسۇسەن ھەدىس ھەققىدە ـ شەك پەيدا قىلىپ، ئىسلامنى يوقىتىشتىن ئىبارەت شۇم نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار بۇ مەقسىدىگە يېتىش يولىدا رەسۇلنىڭ ھەدىسىگە قارشى شۈبھىلەرنى قوزغۇتۇپ، رەسۇلىمىزنىڭ ھەدىسى دىنىنىڭ تەركىبى قىسمى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىسلام

شەرىئەتشۇناسلىقى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق دېيىشىدۇ. ۋە قۇرئانى كەرىم ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسىدىن ئىبارەت دەپ داۋراڭ سېلىشىدۇ.

بۇ ئۇممەتكە نىسبەتەن يېڭىلىق بولماستىن بەلكى بۇرۇندىن بار دەۋادۇر. ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ۋە رەسۇلنىڭ ھەدىسىگە بولغان دۈشمەنلىك ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسى. لېكىن بۇ يەردىكى يېڭىسى ئاللاھنىڭ، رەسۇلىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئىنكار قىلىدىغان مۇشۇ بىر گۇرۇھ ئادەملەردۇر. بۇلار مىلادى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندىستاندا پەيدا بولغان. ئارقىدىن ھىندىستاندىن مۇستەقىل بولغان پاكىستانغا يۆتكەلگەن ۋە بۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قۇرئانى كەرىمگە زورمۇ ـ زور چاپلايدىغان بولۇپ ئۆزلىرىنى يالغاندىن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا نىسبەت بېرىپ قۇرئانىيلار ( يەنى قۇرئانچىلار) دەپ ئاتالغان بولۇشنى ياخشى كۆرگەن بولىشى بىر كۈلكىلىك ئىش بولۇش بىلەن بىللە، بۇ خىل نىسبەت ئىسمنى ئۆزلىرى ئۇچۇن تاللىشىنىڭ سەۋەبى باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى «ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئانغا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر» دېسۇن دىگەنلىكى ئۇچۇندۇر. يەنە بىر نۇقتىدىن ئۇلار ئىچكى جەھەتتىن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىگە ئىمان ئېيتىپ، ئەمەل قىلىدىغان باشقا مۇسۇلمانلارنى بۇلار «قۇرئانچىلار ئەمەس ئۇلار ھەدىس بىلەن مەشغۇل بولۇپ قۇرئاننى تەرك قىلغان ئادەملەر» دېگەنگە ئوبيېكت قىلىپ كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغاندۇر. ۋە يەنە ئۆزلىرىنى ئەيىبلىنىشتىن ئېلىپ قېچىپ، ئېتىراز بىلدۈرۈش يوللىرىنى ئېتىش ئۇچۇن قىلغان

قىلمىشىدۇر. چۈنكى ئۆزلىرىنى قۇرئانغا تەۋە، قۇرئانغا ئىسلىمىز دەپ ئېلان قىلغان ئادەملەرگە كىممۇ ئېتىراز بىلدۈرەلىسۇن ؟!.

بۇ تۈردىكىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ قىلچىمۇ ھەيران قالغۇدەك يېرى يوق. ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ناھايىتى كۆپ. ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد نۇرغۇن ئەسىرلەرنى باشتىن ئۆتكۈزدى. رەسۇلىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئالدىنئالا خەۋەر قىلغان بولۇپ مىقدام ئىبنى مەئدىيكەرىبدىن رەسۇلۇللاھنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «دىققەت قىلىڭلاركى، ئاللاھ ماڭا قۇرئاننى ۋە قۇرئان بىلەن بىللە قۇرئاننىڭ (مىسلىنى) ئوخشىشىنى بەردى. دىققەت قىلىڭلاركى، يېقىن زاماندا كارىۋىتى ئۈستىدە ياتقان، قورسىقى توق بىر ئادەم: مۇشۇ قۇرئاننىلا چىڭ تۇتۇڭلار. بۇنىڭدا ھالال دەپ بىر نەرسە كۆرسەڭلار ئۇنى ھالال دەڭلار، ھارام دەپ بىر نەرسە كۆرسەڭلار ئۇنى ھارام دەڭلار دەيدۇ. دىققەت قىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ھارام دېگەن نەرسە ئاللاھ ھارام دېگەن نەرسىگە ئوخشاشتۇر.»[1]

لېكىن بۇلارنىڭ ھەيران قالارلىق يېرى، بۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىگە قارشى ئوتتۇرىغا قويغان شۈبھىلەر بولۇپ، بۇلار بۇ شۈبھىلىرىنى «ھەدىس دىنىنىڭ تەركىبى قىسمى ئەمەس، دىن ھەم ھەدىسنىڭ تەركىبى قىسمى ئەمەس دىگەنگە دەلىل» دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. بۇلار ـ كۆپ قىسمى ئوردۇ تىلىدا يېزىلغان ـ كىتابلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ كۆلۈبلىرى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇنازىرىلىرىنى مانا

---

[1] بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ئەسسۇننە دېگەن كىتابىدا ئالتىنچى نومۇرلۇق باپتا ، تىرمىزى ئىلىم دېگەن كىتابىدا ئونىنچى نومۇرلۇق بابتا بايان قىلغان .

مۇشۇ خىل شۇبھىلەر بىلەن تولدۇرۇشقان. بىزگىمۇ **1983** ـ يىلى كاراچى شەھرىدە پەرۋىزچىلەر بىلەن ئۇچ قېتىملىق سۆھبەت ئارقىلىق بۇ مۇنازىرىدىن بىر قىسمى نېسىپ بولغان ئىدى. بۇ مېنىڭ پاكىستان ئىسلامئابادتا دۇنيا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە بولغان ئىشلار ئىدى......

بۇلارنىڭ ئاتالمىش شۇبھىلىرى مەخسۇس موشۇ شۇبھىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە رەددىيە بېرىش ئۇچۇن ئېلىپ بارغان بۇ ئىخچام تەتقىقاتىمىزدىكى ئاساسىي مەقسىتىمىزدۇر. ئاللاھنىڭ بىزنى مۇۋەپپەق قىلىشىنى، مۇستەھكەم قىلىشىنى، ياردەم بېرىشىنى ۋە ئەجىر بېرىشىنى سورايمىز. ئاللاھ بۇلارنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇنىڭغا قادىر زاتتۇر.

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بىلەن تونۇشۇش

*سۈننەت لۇغەتتە يول، يول قىلماق دېگەن مەنادا بولۇپ يول ئەجابىي بولسۇن ياكى سەلبىي بولسۇن ئىش ھەرىكەت (ئىش ـ ئىز ) دېمەكتۇر*. ( بۇ كىتاۋىمىزدا ئەرەپ تىلىدىكى پەرقسىز ئىشلىتىلىشى بويىچە سۈننەت ھەدىس، ھەدىس سۈننەت دەپ چۈشىنىلىدۇ.)

بۇنىڭ مىسال پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «كىمكى ئىسلامدا بىر ياخشى ئىشنى يولغا قويسا، بۇ كىشىگە شۇ ياخشى ئىشنىڭ ئەجرى ۋە قىيامەت كۈنىگە قەدەر شۇ ياخشى ئىشنى قىلغان ئادەمنىڭ ئەجرى بولىدۇ. كىمكى بىر يامان ئىشنى يولغا قويىدىكەن، بۇ ئادەمگە شۇ يامان ئىشنىڭ گۇناھى ۋە قىيامەتكە قەدەر ئۇ يامان ئىشنى قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھى بولىدۇ »[1]

ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى سۈننىتى دېگىنىمىزدە ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى ھۆكمى ۋە ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتى ئۈستىدىكى قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا :«ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى تۇتقان يولى گۇناھكارلارنىڭ تەۋبە قىلىپ، يامان يولدىن يېنىۋېلىشى ئۈچۈن ئاسىيلارغا مۆھلەت بېرىشتۇر» دېگەن سۆزنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.[ مۇئجەمۇلۋەسىيت 456 .بەت]

**(1)** ئىستىلاھ يەنى كەسپىي ئاتالغۇدىكى سۈننەت ئۇقۇمى : سۈننەت ئۇقۇمى كەسپىي ساھەدىكىلەرنىڭ خاس كەسپى، نىشانى، ئالاقىدار مەسىلىلەرگە يارىشا بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىدۇ.

بۇ ساھەدە ھەدىسشۇناسلار، ئۇسۇل ئىلمى ئۆلىمالىرى ۋە پىقھى ئۆلىمالىرى بار. ھەدىس ئۆلىمالىرى ياكى ھەدىسشۇناسلارغا كەلسەك، بۇلار توغرا يولغا باشلايدىغان يولباشچى، ئەلچى، پەيغەمبەر، رەببىمىز

---

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بىزگە بىزنىڭ ئۇلگىمىز ۋە يېتەكچىمىز دەپ كۆرسەتكەن رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن ھەدىس ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇ كىشىنىڭ خەۋەرلىرى، ئىش ھەرىكىتى، ۋەقەلىكلىرى، ئەخلاقىي ۋە يارىتىلىش جەھەتتىكى سۈپەتلىرىنى نەقىل قىلىشقان.

مۇشۇ نۇقتىدىن ھەدىسشۇناسلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمگە ئالاقىدار سۆزلەر، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشلەرنىڭ ھەممىنى، بۇلار شەرئى ھۆكۈمنى ئىپادىلىگەن بولۇش بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر بىزگە يەتكۈزۈشكەن. شۇنداقلا، ئۇلار مانا بۇ ئەھۋاللار ھەدىس كىتابلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەدىسشۇناسلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى مەيدانغا كەلتۈرگەن مەسىلىلەردۇر. بۇ نۇقتىدىن ھەدىسشۇناسلار سۈننەت سۆزىگە: «پەيغەمبىرىمىزدىن قالغان سۆز، ھەرىكەت، موئەييەنلەشتۈرۈش، شۇنداقلا پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى بولسۇن، كېيىنكى بولسۇن يارىتىلىش ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى سۈپەتتۇر» دەپ تەبىر بېرىشكەن.

ئۇسۇل ئىلمى ئۆلىمالىرىغا كەلگىنىمىزدە ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن ئىبارەت تۇرلۇك قائىدىلەرنى تۇزىدىغان، ئۆزىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن مۇجتەھىدلەرنىڭ ئالدىدا ئىجتىھاتقا يول ئاچىدىغان، ئىنسانلارغا تۇرمۇش دەستۇرىنى بايان قىلىدىغان، شەرىئەتنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى زاتتىن كەلگەن سۈننەت ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار رەسۇلىمىزنىڭ ۋاجىپ، ھارام، مۇباھ ۋە باشقىلار نۇقتىسىدىن بەندىلەرنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ھۆكۈم ئېلىنىدىغان سۆز، ھەرىكەت ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشلىرى بار نۇقتىلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇ نوقتىدىن ئۇسۇل ئىلمى ئۆلىمالىرى سۈننەتكە «پەيغەمبىرىمىزدىن

نەقىل قىلىنغان سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشتۇر » دەپ تەبىر بېرىدۇ.

سۆزلەنگەن سۈننەت دېگىنىمىزدە، بۇنىڭ مىسالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «جەزمەنكى ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر »[1]دېگەن سۆزىدۇر.

ئىش ھەرىكەت خاراكتېرلىك سۈننەتنىڭ مىسالى پەيغەمبىرىمىزدىن بىزگە نەقىل قىلىنغان، ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازلار، نامازلارنىڭ شەكلى، ھەج پائالىيەتلىرى ۋە باشقىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ (يەنى رەسولۇللاھنىڭ ئېتىراپىنىڭ مىسالى) بەنى قۇرەيزە غازىتىدا «ھەر كىم ئەسىر نامىزىنى پەقەت ۋە پەقەت بەنى قۇرەيزىدىلا ئوقۇسۇن »[2] دېگەن چاغدا ئەسىر نامىزى مەسىلىسىدە ساھابىلارنىڭ ئىجتىھادىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىدۇر. بەزى ساھابىلار بۇ يەردىكى چەكلىمىنى شۇ پېتى چۈشۈنۈپ نامازنى كېچىكتۈرۈپ، نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەندە بەنى قۇرەيزىدە (تەلەپ قىلىنغان يەردە) ئوقۇغان. يەنە بەزىلەر بولسا، مەقسەت ساھابىلەرنى«تېز بولۇشقا ئۈندەش» دەپ چۈشۈنۈپ، نامازنى بەنى قۇرەيزىگە يېتىپ بارماي تۇرۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقان. بۇ ئىككى تۈردىكىلەرنىڭ قىلغانلىرىنىڭ خەۋىرى رەسۇلۇللاھقا يەتكىنىدە، رەسۇلۇللاھ ھەر ئىككىسىنىلا (باشقا گەپ قىلماي) مۇئەييەنلەشتۈرگەن.[3] مانا بۇ موئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ بىر مىسالىدۇر .

---

[1] بۇخارى « ۋەھىينىڭ قانداق باشلانغانلىقى ھەققىدە » **1** . توم **32** . ھەدىس .

[2] بۇخارى غازات ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھزاپ غازىتىدىن يېنىشى ھەققىدىكى باپ**4119** . نۇمۇر

[3] مۇستەپا سەبائىينىڭ ھەدىس ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتشۇناسلىقتىكى ئورنى **48** . بەت . ئەجاج

پىقھى ئالىملىرىغا كەلسەك، ئۇلار سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى شەرئى ئەھكاملاردىن بىرەر ھۆكۈمگە دالالەت قىلىشتىن ئەسلا چەتنەپ كەتمەيدىغان رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ھەققىدە ئىزدىنىشىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن پۇقەھالارنىڭ قارىشىدىكى سۈننەت «پەيغەمبىرىمىز جەزمى بولمىغان شەكىلدە بۇيرىغان بۇيرۇقتۇر. ياكى پەرز ۋە ۋاجىپ بولمىغان ئەھۋالدا پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن قىلىنغانلىقى ئىسپاتلانغان نەرسىدۇر. ياكى قىلسا ساۋاب بولىدىغان، تەرك قىلسا مالامەت ۋە كايىشقا دۇچار بولىدىغان، ئەمما جازالانمايدىغان نەرسىدۇر.»
سۈننەت پۇقەھالارنىڭ قارىشىدا بەش ئەھكامدىن ۋاجىپ ۋە باشقىلارغا تەڭ كېلىدۇ. پىقھى ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا بەزىدە سۈننەت دەپ بىدئەتنىڭ قارشىسىدا تۇرغان نەرسىنى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىلغىنىغا ئۇيغۇن بىر ئىشنى قىلغان كىشىگە پالانى سۈننەت ئۈستىدە دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلغان كىشىنى بولسا، پالانى بىدئەت ئۈستىدە دېيىلىدۇ.
شۇنىڭدەك سۈننەت ئاتالغۇسى پىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا، ساھابىلار ـ ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ـ قىلغان ئىشلارغمۇ ـ بۇ ئىش قۇرئاندا بولسۇن ياكى بولمىسۇن ـ قوللىنىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىش ساھابىلاردا مەۋجۇت بولغان، بىزگە خەۋىرى يېتىپ كەلمىگەن سۈننەتكە ئەگىشىش بولغىنى، ياكى ساھابىلەر تەرىپىدىن ئىجمائ قىلىنغان ئىجتىھات بولغىنى، ياكى خەلىپىلەرنىڭ ئىجماسى بولغىنى ئۈچۈندۇر . بۇنىڭغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىل بولىدۇ «سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمنى، مەندىن كېيىنكى توغرا يول تۇتقان دۇرۇس خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇنى ئېزىق

---

خەتىپنىڭ «خاتىرلىنىشتىن بۇرۇنقى ھەدىس» دىگەن كىتابى **16**. بەت

چىشلىرىڭلار بىلەن چىشلەڭلار »[2][1]

مانا بۇلار سۈننەتنىڭ مەنالىرى ياكى تەئرىپلىرى ۋە ئالىملارنىڭ كەسپى ئاتالغۇسىدا سۈننەت ھەققىدە كۆزدە تۇتۇلغان مەزمۇنلاردۇر. يۇقىرىقىلاردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر بىر ئىلىم ساھەسىدىكى ئۆلىمانىڭ سۈننەت ھەققىدە ئىزدەنگەن تېمىلىرىغا ماس كېلىدىغان، بۇ ئىلىملارنى بىر بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ قويمىغان ئاساستا، ئىلىملىرى ئارقىلىق كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن ئوزىگە خاس ئىزدەنگەن ۋە ئەمگەك قىلغان. شۈنىسى ھەقىقەتكى، بۇ ئىلىملار ھەممىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى، ھەدىسنىڭ قولاي تونۇلۇشى ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئىلىملارنىڭ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانلىرىدىن بىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنى توپلاش، تاللاش ۋە قوشۇلۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان يات نەرسىلەردىن پاكىزلاشتىن ئىبارەتتۇر. ھەمدە ھەدىسكە دۈشمەنلىك قىلغۇچى، قارشى تۇرغۇچى، ھەدىسنى تاشلاپ قۇرئانى كەرىمدىن ئىبارەت بىرلا مەنبەگە مۇراجىئەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارغا قارشى ئۇنى قوغداشتىن ئىبارەتتۇر.

بىز يۇقىرىدا ئۆلىمالارنىڭ مۇبارەك ھەدىسكە قارىتا بىرنەچچە خىل تونۇشتۇرۇشنى كۆرستىپ ئۆتتۇق. ئەمدى بۇ نوقتىدىكى بىزنىڭ ئىزدىنىۋاتقان تېمىمىزغا مۇناسىپ كېلىدىغان تونۇشتۇرۇش دەل ئۇسۇل ئۆلىمالىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن ئىبارەتتۇر. گەرچە ھەدىسشۇناسلار ۋە پۇقەھالار بۇ ساھەدە ئىزدىنىشنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قالمىغان ۋە بۇ يولدا تىرىشچانلىق كۆرستىشكە سەل قارىمىغان بولسىمۇ، ئەمما

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماججە، دارىمىيلار رىۋايەت قىلغان .

[2] ئىرشادۇلفۇھۇل، ئەلمۇۋافىقات، تەدۋىينۇسسۈننەھ ، ئەسسۈننەھ ۋەمەكانەتۇھا مىنەتتەشرىيئ **49** . بەت

ئۇسۇل ئۆلۇمالىرى ھەدىسىنىڭ دەلىل ئىكەنلىكىنى، شەرىئەتشۇناسلىقتىكى ئورنىنى بايان قىلىش ۋە بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئادەملەردۇر.

# ھەدىسنىڭ شەرىئەتشۇناسلىقتىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئاساس بولالايدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرى

## ھەدىس شەرىفنىڭ شەرىئەتشۇناسلىقتا تۇتقان ئورنى :

ھەدىس شەرىف ئىسلام شەرىئەتشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسىدۇر. بۇ قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان ياكى ئىسيان قىلغان كىشى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ۋە مۆئمىنلەرگە قارشى يول تۇتقان، بۇ ئۇممەتنىڭ باش ۋە ئاخىرى ھەممىسى ئاللاھنىڭ فەزلى مەرھەمىتى بىلەن بىرلىككە كەلگەن مەسىلىگە قارشى تۇرغان شور پېشانە ئادەمنىڭ دەل ئۆزىدۇر .

ئىسلام ئۇممىتى ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان نەرسە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئاللاھ تەرىپىدىن رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان ۋەھيى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ بۇنىڭ بىرىنچىسى بۈيۈك قۇرئانى كەرىم. قۇرئان ئاللاھ تەرىپىدىن رەسۇلىغا لەبزى ۋە مەنىسى بىلەن نازىل قىلىنغان، مەخلۇق ئەمەس، تىلاۋەت ئارقىلىق ئىبادەت قىلىنىدىغان، خالايىقلار ئۇچۇن مۆجىزىلىك بولغان، ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك بىر سۈرىسى بىلەن ئىنسانىيەتكە رىقابەت ئېلان قىلغان، بۇرمىلىنىش يۈز بېرىشتىن ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن قوغدالغان، قۇرئان كەرىم دىن ئىبارەت بۇ كىتاپنىڭ ئىككى مۇقاۋىسىنىڭ ئارىسىغا

مۇجەسسەملەنگەن ئاللاھنىڭ كالامىدۇر . ۋەھيىنىڭ ئىككىنچى تۈرى بولسا، ئاغزاكى سۆزلەنگەن، ئەمەلىي قىلىنغان ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئۈچ تۈرنىڭ بىرىكمىسى بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ھەدىسىدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسى مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ رەسۇلىغا قىلغان ۋەھيىسىدىندۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى نۇرغۇن ئايەتلەردە كەلگەن كۆرسەتمىلەر، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى بەرگەن ئىزاھلاردۇر. ئاندىن يەنە ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر بىرلىككە كەلگەن ئىجمائدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىگە قارشى ئىسيان قىلغانلار «بىز ھەدىسنى قويۇپ تۇرۇپ قۇرئانى كەرىمگە ئېسىلىمىز» دەپ دەۋا قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ھەدىسنى «ئاللاھ تابارەك ۋە تائالا تەرىپىدىن رەسۇلىغا كەلگەن ۋەھيىدۇر» دەپ ئوچۇق كۆرسەتكەن ۋە گۇۋاھلىق بەرگەن رۇشەن بىر قىسىم ئايەتلەرنى، ئاندىن رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى، ياخشى كۆرۈشنىڭ ۋاجىپلىقى، ئەگىشىشنىڭ ۋاجىبلىقى، ھۆكۈم قىلغۇزۇشنىڭ ۋاجىپلىقى، ھۆكۈم قىلغان ھەر نەرسىگە ـ چىققان ھۆكۈم بىزگە پايدىلىق بولسۇن ياكى زىيانلىق بولسۇن ـ تەسلىم بولۇشنىڭ ۋاجىبلىقى... قاتارلىقلارنى ئوچۇق بايان قىلغان بىر بۆلۈك ئايەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز .

ھەدىسنىڭ ۋەھيي ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ بىرى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿ وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلۡهَوَىٰٓ ۝٣ إِنۡ هُوَ إِلَّا وَحۡيٞ يُوحَىٰ ۝٤ ﴾ النجم: ٣-٤ تەرجىمىسى:«ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز نەفس خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ.

بۇ پەقەت ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھيي قىلىنغان ۋەھيىدىن ئىبارەتتۇر.»[نەجىم سۈرىسى3 ـ 4 ـ ئايەتلەر]

بۇ ئايەت شۇنىڭغا كەسكىن دالالەت قىلىدۇكى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچ نەرسىنى ئۆز ئىچىدىن چىقىرىپ دېمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شەرىئەتشۇناسلىق تېمىسىدا سۆزلىگەن ھەربىر ئېغىز سۆز ئاللاھ تابارەك ۋە تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىدۇر. مەيلى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىگىنى بىرىنچى تۈردىكى قۇرئانى كەرىمدىن ئىبارەت ۋەھيي بولسۇن، ياكى ئىككىنچى تۈردىكى ئۆزىنىڭ ھەدىسىدىن ئىبارەت ۋەھيي بولسۇن ئوخشاشتۇر.

بۇ ئايەتلەر قاتارىدا يەنە ئاللاھ تابارەك ۋەتەئالانىڭ مۇنۇ سۆزى بار: ﴿ لَقَدْ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ يَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا۟ مِن قَبْلُ لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿١٦٤﴾ ﴾ **آل عمران: 164** تەرجىمىسى:«ئاللاھ مۆئمىنلەرگە ئۆز ئىچىدىن چىققان بىر پەيغەمبەرنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىنئام بەردى. بۇ پەيغەمبەر مۆئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ گۇناھى زالالەتتىن پاكىزلايدۇ، كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇلار بۇندىن بۇرۇن ئوچۇق ئاشكارا ئازغۇنلۇقتا ئىدى »[سۈرە ئال ئىمران **164**. ئايەت ]

بۇ ئايەت كەرىمە بەلكىم ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ـ بۇ ئىككىيلەنگە، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزگە ئاللاھنىڭ سالاملىرى بولسۇن ـ بەيتۇللانىڭ ھۇلىنى كۆتۈرۈۋاتقان ۋاقتىدا ئاللاھقا قىلغان دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت قىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. بۇ دۇئانى ئاللاھ تابارەك ۋەتائالا قۇرئانى كەرىمدە ئۆزىنىڭ مۇنۇ سۆزىدە بايان قىلغان.

﴿ وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَٰهِـۧمُ ٱلْقَوَاعِدَ مِنَ ٱلْبَيْتِ وَإِسْمَـٰعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٢٧﴾ رَبَّنَا وَٱجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٨﴾ رَبَّنَا وَٱبْعَثْ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْهُمْ يَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَـٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَـٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ ۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿١٢٩﴾ ﴾ البقرة: ١٢٧ – ١٢٩

تەرجىمىسى: «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل (ئەلەيھىمەسسالام) بەيتۇللانىڭ ئۇلىنى كۆتۈرۈۋاتقان ۋاقتىدا، ئەي رەببىمىز، بىزنىڭ (بۇ ئەمىلىمىزنى) قوبۇل قىلغىن. شۈبھىسىزكى سەن ئاڭلاپ، بىلىپ تۇرغۇچىسەن. ئەي رەببىمىز، سەن بىزنى ساڭا تەسلىم بولغۇچىلاردىن قىلغىن. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئىچىدىن ھەم ساڭا تەسلىم بولغۇچى بىر ئۈممەتنى قىلغىن. بىزنىڭ ئىبادەت ئۇسۇللىرىمىزنى بىزگە كۆرسەتكىن. بىزگە تەۋبە ئاتا قىلغىن. شۈبھىسىزكى سەن تەۋبە بەرگۈچى رەھىملىك زاتتۇرسەن. ئەي رەببىمىز، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئۆز ئىچىدىن چىققان بىر پەيغەمبەرنى يوللىغىن، ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارغا سىنىڭ ئايەتلىرىڭنى ئوقۇپ بېرىدىغان، كىتاب ۋە ھىكمەت ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى گۇناھ مەئسىيەتتىن پاكلايدىغان بولسۇن. ھەقىقەتەن سەن ئىززەتلىك، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇرسەن.»[بەقەرە سۈرىسى 127ـ 129 ئايەتلەر]

ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسى ئالىلاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل كۆرۈلۈپ، ئىنسانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ياخشى ئۈممەت بولغان مۇسۇلمان

ئۈممىتىنى ئاللاھ بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدىن چىقاردى. ئاندىن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، ئۇلارنى گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن پاكلايدىغان، كىتاب ۋە ھېكمەت ئۆگىتىدىغان، بىر پەيغەمبەرنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ يوللىدى.

ئىلىم ـ تەتقىقات ساھەسىدىكىلەر: مەزكۇر ئايەتتىكى ھېكمەتتىن مەقسەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە بىردەك كۆز قاراشتا ئىگە. ئاللاھ مۆئمىنلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىنئام قىلىپ، بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈممىتىگە كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىش قىلىپ بېكىتتى. يۇقىرىقى ئايەتتە دېيىلگەن ھېكمەتتىن مەقسەتنىڭ كىتاپ (يەنى قۇرئان) بولۇشى جايىز ئەمەستۇر. ھېكمەت (ئەرەپ تىلى گرامماتىكىسى بويىچە) كىتابقا ئەتفە قىلىنغان. ئەتفە، ئەتفە قىلىنغۇچىنىڭ ئۆزىدىن باشقا نەرسە بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ھېكمەتنىڭ ھەدىستىن باشقا بىرنەرسە بولغان بولۇشى ھەم توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى ھېكمەت كىتابقا ئەتفە قىلىنغان ئىكەن، دېمەك ھېكمەت مەنبەسى ۋە غايىسىدە كىتاب بىلەن جىنسىداش نەرسىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ مۆئمىنلەرگە بۇ ئىككى نەرسىنى ئىنئام قىلغان بولۇپ، ئۇ زات ئىنئام قىلغان ھەر قانداق نەرسە ھەق ۋە راستتۇر. دېمەك ھېكمەت (ھەدىس) قۇرئان قانداق ھەق بولغان بولسا شۇنداق ھەقتۇر. بۇ ئايەت ھەدىس شەرىفنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە قىلغان ۋەھيىسىنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

ئىمام شافىئى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ كىتابنى تىلغا ئالدى، ئۇ قۇرئاندۇر. ھېكمەتنى تىلغا ئالدى. قۇرئان ئىلىملىرىنى بىلىدىغانلار ئىچىدە مەن ئىلمىغا قايىللىق بىلەن

قارايدىغان بىر كىشىنىڭ : ھېكمەت رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدۇر دېگىنىنى ئاڭلىدىم» چۈنكى ئالدىدا قۇرئان تىلغا ئېلىنىپ، ئارقىدىن ھېكمەت ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاللاھ بۇ يەردە كىتاب ۋە ھېكمەت تەلىمىنى ئىنسانلارغا ئىنئام قىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. شۇڭلاشقا ــ ئاللاھ ئالىمكى ــ بۇ يەردىكى ھېكمەت رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىدىن باشقا بىرنەرسە ئىدى دېمەك جايىز ئەمەس. چۈنكى ھېكمەت كىتاب بىلەن بىر يەردە كەلگەن. ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنى ئۈممەتكە پەرز قىلىپ، پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگىشىشنى باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچ دەپ بۇيرۇغان. شۇڭلاشقا ئاللاھنىڭ كىتابىدىن رەسۇلىنىڭ ھەدىسىدىن باشقا بىر نەرسىگە :«پەرز قىلدى» دېيىش توغرابولمايدۇ.»[1]

ھەدىسنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن ۋەھىي ئىكەنلىكىنى ئوچۇق سۆزلىگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرىئەتكە ئالاقىدار مەسىلىدە، ئاللاھ ئۆزىگە قىلغان ۋەھيىدىن باشقىنى سۆزلىمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ بىرى ئاللاھنىڭ رەسۇلى ھەققىدىكى مۇنۇ سۆزىدۇر. ﴿ وَلَوۡ تَقَوَّلَ عَلَيۡنَا بَعۡضَ ٱلۡأَقَاوِيلِ ٤٤ لَأَخَذۡنَا مِنۡهُ بِٱلۡيَمِينِ ٤٥ ثُمَّ لَقَطَعۡنَا مِنۡهُ ٱلۡوَتِينَ ٤٦ فَمَا مِنكُم مِّنۡ أَحَدٍ عَنۡهُ حَٰجِزِينَ ٤٧ ﴾ **الحاقة: ٤٤ ـــ ٤٧** تەرجىمىسى:«ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا،ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق.ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق.سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى.»

---

[1] مۇستاپا سەبائىينىڭ ھەدىس ۋە ئۇنىڭ قانۇنچىلىقتىكى ئورنى ناملىق كىتاۋىنىڭ **50** .بېتىگە قارالسۇن.

[هاققە سۈرىسى 44 ـ 47 ئايەتلەر]

ئايەتلەر ناھايىتى ئوچۇق شەكىلدە رەسۇلۇللاھ دىنغا ئالاقىدار مەسىلىدە ئاللاھ ئۆزىگە ۋەھىي قىلغان ۋەھيىدىن باشقىنى دېمەيدىغان ۋە قىلمايدىغانلىقىنى، ئېغىزدىن چىققان سۆز ئىش ـ ھەرىكەتكە ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىگىنىگە قارىغاندا بەكرەك كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئەگەر رەسۇلۇللاھ بۇ دىندا ئاللاھ ئۆزىگە ۋەھىي قىلمىغان بىر نەرسىنى دېسە، ئاللاھنىڭ ئۇنى شۇ ھامان ھالاك قىلىدىغانلىقىنى، شۇ ھالدا ئاللاھنىڭ ئۇنى ھالاك قىلىشىدىن ھېچكىمنىڭ توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ تەھدىتى ۋە ۋەدىسىدۇر. پەيغەمبىرىگە ۋەھىي قىلىنمىغان نەرسىنى ئاللاھ ھەققىدە دېگەن بولۇشتىن دىققەت قىلىش ھەققىدىكى تەھدىتىدۇر ـ پەيغەمبىرىمىز ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلىشتىن پاكتۇر ـ ۋە يەنە ئاللاھنىڭ مۆئمىنلەرگە قىلغان: « ئاللاھنىڭ ئۆز دىنىنى پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق بۇ دىنغا يات نەرسىلەرنىڭ كىرىپ قالغان ياكى ئارىلىشىپ قالغان بولۇشىدىن ساقلايدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسىدۇر. شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە يەنە بۇ ئايەت ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىگە : پەيغەمبىرى ئەپكەلگەن ھەربىر نەرسىگە ئىشىنىشى، جەزىم قىلىپ تەسلىم بولىشىنى جەزمىي شەكىلدىكى بۇيرۇق سۈپىتىدە ۋەدە قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ مۆئمىنلەرگە: ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ھەرگىزمۇ مۆئمىنلەر ئالدىدا ئاللاھ ھەققىدە يالغان ئېيتمايدۇ. ئۇ پەيغەمبەر سۆزلىگەن ھەرقانداق بىر نەرسە، ياكى قىلغان ھەرقانداق بىر ئىش ـ ھەرىكەت ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرگە قىلغان ۋەھيىسىنىڭ جۈملىسىدىندۇر دەپ كاپالەت بېرىدۇ.

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئۆزىنىڭ رەسۇلى بۇ

دىندا ئاللاھ ئۆزىگە ۋەھيي قىلمىغان بىر سۆزنى دەۋالسا، ئاللاھنىڭ ئۇنى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئاللاھ پەيغەمبىرىنى ھالاك قىلمىغان ئىكەن، ئۇنى قۇدرەت قولى بىلەن تۇتمىغان ئىكەن، ئۇنىڭ گۆرەن تومۇرىنى ئۈزىۋەتمەستىن بەلكى ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن، ھەمدەم بولغان، قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن، ئۇنى ۋە ئۇ زاتقا ئىمان ئېيتقان ساھابىلىرىنى ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىپ قىلغان ئىكەن، بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھتىن ۋەھيي كەلمىگەن ئەھۋالدا ھېچ بىر نەرسە دېمەيدىغان، قىلمايدىغان ۋە مۇئەييەنلەشتۈرمەيدىغانلىقىغا كەسكىن دەلىلدۇر.[1]

رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ۋەھيي بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دىندا ھېچنەرسىنى قىلمايدىغان، دېمەيدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنىڭ بىرى ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ رەسۇلى ھەققىدە خەۋەر قىلىپ سۆزلىگەن مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿ ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلرَّسُولَ ٱلنَّبِيَّ ٱلْأُمِّيَّ ٱلَّذِى يَجِدُونَهُۥ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِى ٱلتَّوْرَىٰةِ وَٱلْإِنجِيلِ يَأْمُرُهُم بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَىٰهُمْ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ ٱلْخَبَٰٓئِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَٱلْأَغْلَٰلَ ٱلَّتِى كَانَتْ عَلَيْهِمْ... ﴿١٥٧﴾ ﴾ الأعراف:157 تەرجىمىسى:«ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلگىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ

---

[1] بۇ ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە مەشھۇر تەپسىرلەرگە، جۇملىدىن قۇرتۇبى، رازى، زەمەخشەرىنىڭ تەپسىرىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

(سۈپىتىنىڭ)يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ.ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ،يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ،ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ،ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ،ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ،ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق،كويزا كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ(يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ) » [سۈرە ئەئراف 157 . ئايەتنىڭ بىرقىسمى]

بۇ ئايەت ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش، ھالالنى ھالال، ھارامنى ھارام دېيىش مەسىلىسىنى قۇرئان ياكى ھەدىسنىڭ دېگەن بولۇشى بىلەن قەيت قىلماي بىۋاستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە باغلايدۇ. بۇ يەردىكى ھالال قىلىدىغان ۋە ھارام قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇتلەقلەشتۇرۇش (يەنى بۇ پەيغەمبەر ھالال قىلىدۇ، ھارام قىلىدۇ دەپ كۆرسىتىش) بۇ ھالال قىلىش ۋە ھارام قىلىشنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىس بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان دېرىجىدە كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ھەدىسى ئارقىلىق ھالال قىلغان ۋە ھارام قىلغان نەرسە ئاللاھ قۇرئانى بىلەن ھالال قىلغان ۋە ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاشتۇر. بۇنىڭ ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەن ۋەھىيدۇر.

ھەدىسنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ھەدىسى بىلەن ھارام قىلغان نەرسىنىڭ قۇرئان بىلەن ھارام قىلغان نەرسىنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكىنى، ھەر ئىككىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەرنىڭ يەنە بىرى ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر:

﴿ قَـٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ ٱلۡحَقِّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَـٰبَ حَتَّىٰ يُعۡطُواْ ٱلۡجِزۡيَةَ عَن يَدٖ وَهُمۡ صَـٰغِرُونَ ﴿٢٩﴾ ﴾ التوبة: ٢٩«سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى ،ناسارىلار ئىيسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ،ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگەئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر)بىلەن ،ئاللاھ(ئۆزىنىڭ كىتابىدا)ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە)ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلاربىلەن ،تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ،ئۇرۇش قىلىڭلار. »[سۈرە تەۋبە 29. ئايەت ]

بۇ ئايەت كەرىمە ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەر ۋە رەسۇلۇللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەر دەپ ئىككى تۈرلۈك ھارام قىلىنغان نەرسىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئىككى مەسىلە ئارىسىنى « ئاللاھ ۋە رەسۇلى ھارام قىلغان نەرسە» دەپ بىر جۈملە ئىچىدە بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ. بۇ ئوچۇق شەكىلدە بىزگە ئىككى مەسىلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

**1** . رەسۇلۇللاھ ھارام قىلغان نەرسە ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاش. بۇ ئىككى ئىش شەرىئەتشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمى نۇقتىسىدىن بىردەكتۇر. ئاللاھ كىتابىدا يولغا قويغان نەرسە رەسۇلۇللاھ ئۆز ھەدىسىدە يولغا قويغان نەرسىنىڭ نەق ئۆزىدۇر.

**2** . رەسۇلۇللاھ ھەدىسى ئارقىلىق ھارام قىلغان نەرسە ھەم

ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىدۇر. شۇنداقلا ئاللاھ كىتابى ئارقىلىق ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاشتۇر. بۇ ئىككىلا بەلگىلىمە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيىدۇر.

قۇرئان ۋەھيي بولغىنىدەك ھەدىسنىڭ ھەم ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز كۆڭۈل خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدىغانلىقى ھەققىدە قۇرئانى مەجىدنىڭ ئايەتلىرى بىلەن دەلىل كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت كۆزلىگەن مەقسىتىمىزنى بايان قىلىشتا بەلكىم يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئايەتلەر يېتەرلىكتۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن بىز ھەدىسنىڭمۇ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئىكەنلىكىگە ئالاقىدار دەلىللەرنىڭ بايانىغا يۆتكىلىمىز. بۇ دەلىللەر ئارقىلىق بىز رەسۇلۇللاھ بۇيرىغان بۇيرۇق ۋە چەكلىگەن چەكلىمىلەردە ئۇ زاتقا ئىتائەت قىلىشنى، ئىمان بىلەن كۇپرى، نىجاتلىق بىلەن ھالاكەت ئارىسىدىكى پاسىل دەپ كۆرسەتكەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز.

بىز يۇقىرىدا بۇ مەسىلە بىز ئەڭ باشتا بايان قىلغان ھەدىسنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەسىلىگە چېتىلىدۇ دەپ ئۆتكەن ئىدۇق. چۈنكى ھەدىس ئاللاھنىڭ ھۇزۇردىن كەلگەن ۋەھيي بولمىغىنىدا، رەسۇلۇللاھ دىن ئىشىدا ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خاھىشى بويىچە سۆزلىگىنىدە ئىدى (ئۇ زات ئەسلا ئۇنداق قىلمايدۇ)ئاللاھ بىزنى ھەربىر بۇيرۇغان ۋە چەكلىگەن مەسىلىدە ئۇ پەيغەمبەرگە ئەگىشىش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇمىغان بولۇر ئىدى. بىز تۆۋەندە ـ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ـ مۇشۇ تېمىغا دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

ئاللاھنىڭ كىتابىغا نەزەر سالغان ئادەم ئاللاھنىڭ نۇرغۇن ئايەتلەردە، ئوخشاش بولمىغان ئىبارىلەر بىلەن ئۆز پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا ئەمىر قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. پەيغەمبەرنىڭ ئىتائىتىگە

بۇيرىغان بۇ ئايەتلەر ئىچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاللاھنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرى ھەققىدە ئومۇمىي قائىدە بولغان ئايەتلەرمۇ بار. ـ ئاللاھنىڭ رەھمىتى پەيغەمبىرىمىزگە ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بولسۇن ـ بۇ ئايەت بولسا ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر. ﴿ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ ﴾ **النساء:** ٦٤ تەرجىمىسى:« بىز ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق.» [سۈرە نىسا **64** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

دېمەك، بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشنىڭ نىشانى ئۈممەتلەرنىڭ ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلغان بولىشىدۇر. ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىشى ئاللاھنىڭ رۇخستى ۋە بۇيرۇقى بىلەندۇر. پەيغەمبەرلەرگە قارشى يول تۇتۇپ ئۇلارنىڭ سۈننىتىنى تەرك قىلغۇچى، ئۇلارنىڭ بۇيرۇق ۋە نەھيىلىرىنى رەت قىلغۇچى، چوقۇمكى ئاللاھقا قارشى تۇرغۇچى، ئاللاھنىڭ رۇخستىنى بۇزغۇچى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىققۇچى ئادەمدۇر.

بۇ ئايەتلەر قاتارىدا پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن تۈزۈپ بېرىلگەن، پەيغەمبىرىمىز قىلىدىغان، قىلمايدىغان، بۇيرۇيدىغان ۋە چەكلەيدىغان ھەربىر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قائىدە بار. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿ وَمَآ ءَاتَىٰكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَىٰكُمۡ عَنۡهُ فَٱنتَهُواْۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ۝٧ ﴾ **الحشر:** ٧ تەرجىمىسى:«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار،پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.» [سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەتنىڭ بىر

قىسمى ]

بۇ ئايەت مۆئمىنلەرنى رەسۇلۇللاھ ئەپكەلگەن ھەربىر نەرسىنى رەسۇلۇللاھتىن ئۆگىنىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ جەھەتتە قۇرئان ياكى ھەدىس باراۋەردۇر. يەنە شۇنىڭدەك مۆئمىنلەرنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى توسقان ھەربىر نەرسىدىن يېنىشقا بۇيرۇپ، ئارقىدىن رەسۇلنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا شىددەتلىك ئازابنىڭ بارلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. رەسۇلنىڭ ئىتائىتىگە بۇيرۇغۇچى ئايەتلەر ئىچىدە «ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن پېئىلنى تەكرارلاش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىتائىتى بىلەن بىرلىكتە رەسۇلنىڭ ئىتائىتىگە بۇيرىغان ئايەتلەر بار. جۈملىدىن ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: ﴿ * يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُوا۟ ٱلرَّسُولَ وَلَا تُبْطِلُوٓا۟ أَعْمَـٰلَكُمْ ﴿٣٣﴾ ﴾ محمد: ٣٣ تەرجىمىسى:« ئەي مۆئمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار »[سۈرە مۇھەممەد 33 ـ ئايەت ]

رەسۇلۇللاھنىڭ ئىتائىتىگە بۇيرىغان ئايەتلەر قاتارىدا يەنە «ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇق پېئىلنى تەكرارلىماستىن رەسۇلنىڭ ئىتائىتى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا بۇيرۇق كەلگەن بىر ئايەت بار. مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىتائىتىنىڭ دەل ئاللاھنىڭ ئىتائىتى ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ ئىتائىتى بىلەن رەسۇلنىڭ ئىتائىتىنىڭ ئارىسىنى ئايرىشنىڭ ھالال بولمايدىغانلىقىغا ئوچۇق شەكىلدە دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٣٢﴾ ﴾
**آل عمران: ٣٢** تەرجىمىسى:«ئېيتقىنكى (ئەي مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام) ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئىتائەتتىن يۈز ئۆرىسە شۈبھىسىزكى ئاللاھ كاپىرلارنى(يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگەئاسىيلىق قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ.» [سۈرە ئال ئىمران **32** ـ ئايەت]

بۇ ئايىتى كەرىمىنىڭ تېكىستىدىن مەلۇمكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىتائىتىدىن يۈز ئۆرىگەن ئادەم كاپىرلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.
يەنە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان ئايەتلەر ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىنى باشتا تىلغا ئالماي تۇرۇپلا رەسۇلنىڭ ئىتائىتىگە بۇيرۇق قىلغان ئايەتلەرمۇ بار. بۇ ھەم رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش قىلچە پەرىق قىلمىغان ھالدا ئاللاھغا ئىتائەت قىلماقتۇر دېگەننى بايان قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقنىڭ ئۆزى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقنىڭ ئۆلچىمىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٥٦﴾ ﴾ **النور: ٥٦**
تەرجىمىسى:« ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلارئۈچۈن نامازئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار. » [سۈرە نۇر **56** ـ ئايەت]

پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلىق، ئەگەشكەنلىكنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆگەنمەك، ئۇ زاتقا ھۆكۈم قىلغۇزماق، تۇرمۇشىمىزدا يولۇققان ھەربىر مەسىلىدە ئۇ كىشىنى ھۆكۈم چىقارغۇزۇپ، ئاندىن ئۇ كىشى چىقارغان ھۆكۈمگە رازى بولماق، بويسۇنماق ۋە قوبۇل قىلماقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇخىل بويسۇنۇشنى

ئىماننىڭ ئاالمەتلىرىدىن بىرى قىلىپ بىكىتىپ، ئۇنىڭ بولماسلىقىنى، ئۇنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرمەسلىكنى ئىماندىن قۇرۇغدىلىپ قالغانلىقىنىڭ ئاالمەتلىرىنىڭ بىرى، يەنى كاپىرلىقنىڭ ئاالمىتى قىلىپ بېكىتتى. ئاللاھ تائاال مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤۡمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيۡنَهُمۡ ثُمَّ لَا يَجِدُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَرَجٗا مِّمَّا قَضَيۡتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسۡلِيمٗا ﴿٦٥﴾ ﴾ النساء: ٦٥

تەرجىمىسى:«(ئى مۇھەممەد!)پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى ،ئۇالر(يەنى مۇناپىقالر)ئۆز ئارىسىدىكى دەتاالشقا سېنى ھۆكۇم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە ،ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇالنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇالر پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. »

[سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت ]

ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ھۆكۈم قىلغۇزۇش، بۇ زات بۇيرىغان ۋە توسقان ھەر بىر ئىشقا رازى بولۇپ، تەسلىم بولۇپ قۇبۇل قىلىش ئىماننىڭ ئاالمەتلىرىدىن بىرى بولغان ئىكەن، بۇ ھۆكۈم قىلغۇزۇشنى رەت قىلىش ۋە يۈز ئۆرۈش ـ يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ئۆزلىرىنى قانچىلىك مۆئمىن دەپ داۋراڭ سالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ـ مۇناپىقلىق ۋە كاپىرلىقنىڭ ئاالمەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاتائاال بۇنداقالرنىڭ بىر قىسمى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَيَقُولُونَ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلرَّسُولِ وَأَطَعۡنَا ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٞ مِّنۡهُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۚ وَمَآ أُوْلَٰٓئِكَ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٤٧﴾ وَإِذَا دُعُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحۡكُمَ بَيۡنَهُمۡ إِذَا فَرِيقٞ مِّنۡهُم

مُّعْرِضُونَ ﴿٤٨﴾ وَإِن يَكُن لَّهُمُ ٱلْحَقُّ يَأْتُوٓا۟ إِلَيْهِ مُذْعِنِينَ ﴿٤٩﴾ أَفِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَمِ
ٱرْتَابُوٓا۟ أَمْ يَخَافُونَ أَن يَحِيفَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ وَرَسُولُهُۥ ۚ بَلْ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٥٠﴾
إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا۟
سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا ۚ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٥١﴾ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ
وَيَخْشَ ٱللَّهَ وَيَتَّقْهِ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ﴿٥٢﴾ ﴾ **النور: ٤٧ ـ ٥٢**

تەرجىمىسى:«بۇلار ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىمان ئېيتتۇق ــ دەيدۇ، ئارقىدىن بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر گۇرۇھ ئادەم، ئەنە شۇنى دەپ بولغاندىن كېيىن يۈز ئۆرىيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۆئمىن ئەمەستۇر. ئۇلار ئارىلىرىدا ھۆكۈم چىقىرىپ قويسۇن ئۈچۈن ئاللاھ ۋە رەسۇلى تەرەپكە دەۋەت قىلىنغان ۋاقتىدا ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر گۇرۇھ ئادەم يۈز ئۆرىگۈچىدۇر. ئەگەر بۇ ھۆكۈم ئۇلارغا مەنپەئەتلىك بولسا، ئۇلار بوي ئەگكەن ھالدا كېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدە كېسەل بارمۇ، ياكى ئۇلار ئىككىلىنىۋاتامدۇ، ياكى ئۇلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىشىدىن قورقامدۇ؟ بەلكى ئۇلار زالىملاردۇر. ئارىلىرىدا ھۆكۈم قىلىپ قويسۇن ئۈچۈن ئاللاھ ۋە رەسۇلى تەرەپكە دەۋەت قىلىنغان ۋاقتىدىكى مۆئمىنلەرنىڭ دېيىشكە تېگىشلىك سۆزى: بىز ئاڭلاپ ئىتائەت قىلدۇق دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەنە شۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر. كىملەركى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھتىن قورقۇپ تەقۋالىق قىلىدىكەن ئەنە شۇنداقلار بۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر. » [سۈرە نۇر **47 ـ52** . ئايەتلەر]

بۇ ئايەتلەر مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ھۆكۈم قىلغۇزۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا

ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت سالغان داۋراڭلىرىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ۋە بۇنى مۇناپىقلىق كاپىرلىق دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنداقلا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ھۆكۈم قىلغۇزۇشتىن، ھۆكمىگە رازى بولۇشتىن يۈز ئۆرىگەنلىكتۇر دەپ كۆرسىتىدۇ. ئارقىدىن ئاللاغا ئىمان ئېيتمىغانلىقى، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا كۆڭۈل توختاتمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇنىڭ روبىروسىدا: مۆئمىنلەرنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ شەرتسىز ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت پوزىتسىيىسىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن بۇ مەيداننى مۇۋەپپەقىيەت ۋە نىجاتلىقنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلغان ئادەملەرگىلا خاس ئىكەنلىكىنى سۆزلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ پەقەت ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىنىلا سۆزلەيدىغانلىقىنى، دىندا ئاللاھ ئۆزىگە ۋەھيي قىلغان نەرسىنىلا ئېيتىدىغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھەربىر مۆئمىنگە پەرزلىكىنى، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلارنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھقا ھۆكۈم قىلغۇزۇش ھەم ھۆكمىگە رازى بولۇپ بويسۇنۇشنىڭ شۇنداقلا رەسۇلۇللاھتىن ئۆگىنىشنىڭ ئىماننىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن كەلتۈرگەن يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن كېيىن ئېيتىمىزكى: مەزكۇر مەسىلىلەردىن ئىسلام شەرىئەتشۇناسلىقىدىكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنىڭ ئورنىنى، ھەدىسنىڭ دەلىل بولالايدىغانلىقىنى، ھەدىسنىڭ يەنە دەلىللىق نۇقتىسىدىن قۇرئانى مەجىد بىلەن بىر خىل مەرتىۋىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ ھەدىسنى ئۇلۇغلۇق ۋە شەرەپ جەھەتتە قۇرئان بىلەن بىر ئورۇنغا قويغانلىقىمىز دەپ

چۈشىنىلمەسلىكى لازىم. بۇ ھېچبىر مۇسۇلمان دەيدىغان گەپ ئەمەس. شۇنىڭدا شەك يوقكى، قۇرئان تۆۋەندىكى بىر بۆلۈك مەسىلىلەردە ھەدىستىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ پۈتكۈل ئۈممەت ئىجمائ قىلغان مەسىلە بولۇپ بىز تۆۋەندە بۇ مەسىلىلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1. قۇرئانى كەرىم سۆزى ۋە مەنىسى بىلەن ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھيى قىلىنغان كىتابتۇر، ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. ئەمما ھەدىس بولسا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىگەن سۆزى، قىلغان ئىش ـ ھەركىتى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرگىنىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا قۇرئاننى ئۆزى قوغداش، ساقلاشقا كېپىل بولغان، ھەدىسنىڭ بولسا بۇ خىل كاپالىتى يوقتۇر.

3. قۇرئانى كەرىم تىلاۋەت ئارقىلىق ئىبادەت قىلىنىدىغان (يەنى ئىچىدىكى كۆرسەتمىلەرگە ئەمەل قىلىپ ساۋاپ تېپىشتىن سىرىت مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ھالدا ئوقۇش ئارقىلىقمۇ ساۋاپ تاپقىلى بولىدىغان) كىتاب بولۇپ ھەدىسنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچىلىكى يوقتۇر.

4. قۇرئانى كەرىمنى مەزمۇن بويىچە (يەنى تىلاۋەت قىلغۇچى ئۇنۇتۇپ ئەسكە ئالالمىغان ئەھۋالدا «موشۇ مەزمۇندا ئايەت بار» دەپ) سۆزلەشكە بولمايدۇ. ئەمما بۇ ھەدىستە ئۆز قائىدىسى بويىچە بولغاندا جايىزدۇر.

5. قۇرئانى كەرىمنى (جۇنۇپلۇق، ھەيز، نىپاسقا كەبى مەسىلىلەردىن) پاكىز ئادەملەرنىڭلا تۇتۇشىغا بولىدۇ. ھەدىسنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى يوقتۇر.

6. قۇرئانى كەرىم مۇسھەپ دەپمۇ ناملانغان مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككى مۇقاۋىسى ئارىسىغىلا توپلانغىنىدۇر. ئەمما ھەدىس بولسا، نۇرغۇنلىغان توپلام ۋە كىتابلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندۇر.

يۇقىرىقى مەسىلىلەردە قۇرئانى كەرىم ھەدىستىن يۇقىرى ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭلاشقا قۇرئان ھەدىستىن ئۈلۈق، نوپۇز ۋە مۇقەددەسلىك جەھەتتە يۇكسەكتۇر. لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردىكى دېمەكچى بولغىنىمىز دىن ئىشلىرى ۋە شەرىئەتشۇناسلىق مەسىلىرىدە ھەدىس بىلەن دەلىل قىلىش تېمىسى ئۈستىدە كېتىۋاتقان بولغاچقا شەكسىزكى ھەدىس بۇ تىمىدا قۇرئان بىلەن بىردەك مەرتىۋىگە ئىگىدۇر.

﴿ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ ....﴾ النور: ٥٦ تەرجىمىسى:

«نامازنى بەرپا قىلىڭلار» [سۈرە نۇر 56 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى]دېگەن ئاللاھنىڭ سۆزى بىلەن ناماز پەرىز دېيىلگىنىدەك، رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغانلىرىنى دەلىل قىلىش ئارقىلىق بامدات نامىزى ئىككى رەكئەت، پېشىن تۆت رەكئەت، ئەسىر تۆت رەكئەت، شام ئۈچ رەكئەت ۋە خۇپتەن تۆت رەكئەت دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى مىسالىمىز شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئىبارەت بۇ ئىككى دەلىل ئىلىم، ئۇقتۇرۇش ۋە ئەمەلنىڭ ۋاجىپ بولۇشىدا بىردەك سەۋىيەگە ئىگىدۇر. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۇپەيلى ئالىملارنىڭ زور كۆپچىلىكى شەرئى ھۆكۈم چىقىرىشتا دەلىللەش نۇقتىسىدىن ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن رەسۇلىنىڭ ھەدىسى باراۋەر ئورۇندا دېگەن قاراشقا ئىگە.

بۇ ئالىملارنىڭ بىرى خەتىب ئەلبەغدادى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەلكىفايە» دېگەن كىتابىدا مۇشۇ تېمىغا ئالاقىدار «ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ ھۆكمى بىلەن رەسۇلىنىڭ ھەدىسىنىڭ ھۆكمىنىڭ باراۋەرلىكى ھەققىدە» دەپ ئاللاھىدە بىر باپ قويغان. بۇ كىشى بۇ تېما ئارقىلىق شەرئىي ھۆكۈملەرنى ئىسپاتلاشتا دەلىللىك نۇقتىسىدىن قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ بىر خىل مەرتىۋىدە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

دوكتور ئابدۇلغەنى ئابدۇخالىق ئۆزىنىڭ «ھەدىسنىڭ دەلىللىكى» دېگەن كىتاۋىدا مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان بىلەن ھەدىس ئېتىبارغا ئېلىش ۋە شەرئى ھۆكۈملەرنى دەلىلەش جەھەتتە ئوخشاش بىر خىل مەرتىۋىگە ئىگە. بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىزاھلاش ئۈچۈن ئېيتىمىزكى: قۇرئاننىڭ ھەدىستىن پەرقلىنىشى، قۇرئان سۆزلۈكلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن نازىل قىلىنغان، تىلاۋەت ئارقىلىق ئىبادەت قىلىنىدىغان كىتاب ئىكەنلىكى ــ ھەدىسنىڭ ئەكسىچە ــ تەڭدىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئىنسانىيەتنى ئاجىز ھالەتتە قالدۇرىشى.. قاتارلىقلاردا قۇرئاننىڭ ھەدىستىن ئۈستۈنلىكىدە ھېچبىر ئىزا يوقتۇر. ھەدىس بۇ نۇقتىلاردا پەزىلەت جەھەتتە قۇرئاندىن تۆۋەن تۇرىدۇ. لېكىن قۇرئاننىڭ بۇ ئۈستۈنلۈكى ھۆكۈم دەلىلەشتە قۇرئان بىلەن ھەدىسنى بىر ـ بىرىدىن يۇقىرى تۆۋەن كۆرۈشنى، ھەدىسنىڭ مەرتىۋە جەھەتتە قۇرئاندىن كېيىن تۇرغان بولۇشنى، ھەدىسنى تاشلاپ قويۇپ قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىنغان بولۇشنى تەقەززا قىلمايدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ــ يەنى ھۆكۈم دەلىللەشتە ھەدىس مەرتىۋە جەھەتتە قۇرئانغا تەڭداش ئىكەن ــ چۈنكى قۇرئاننىڭ دەلىل بولۇشى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان ئىكەن، بۇ جەھەتتىن ھەدىسمۇ قۇرئانغا ئوخشاش ۋەھيى ئىكەن، دېمەك ھەدىس ھۆكۈم دەلىللەشتە قۇرئانغا تۇپتىن ئوخشاشتۇر.[1]

بىز ھەدىسنىڭ ھۆكۈم دەلىللەشتە ئاساس ئىكەنلىكى ۋە شەرئەتشۇناسلىقتىكى ئورنى ھەققىدىكى سۆزىمىزدىن تۆۋەندىكى

---

[1] خەتىب ئەلبەغدادىينىڭ ئەلكىفايە 29 بەت . ئەبدۇلغەنى ئەبدۇلخالىقنىڭ «ھەدىس تەتقىقاتى» دېگەن كىتاۋىدىكى مۇھەممەد مەتەر زەھرانىنىڭ «ھەدىسنىڭ خاتىرلىنىشى» دېگەن كىتاۋىدىن ئالغان نەقلىگە قاراڭ.

مەسىلىلەرنى يەكۈنلەيمىز:

**1** . ئاللاھ تائالادىن ئۆز ئەلچىسىگە قىلىنغان ۋەھيي قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن ئىبارەت ئىككىدۇر. بىز قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ئىچىدىن بۇنىڭغا دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. ئەنە شۇنىڭدەك قۇرئان ۋە ھەدىس شەرىفتىن ئىبارەت ئىككى ۋەھيى ئارىسىدىكى پەرقلەرنى بايان قىلدۇق.

**2** . ھەدىس شەرىف شەرىئەتشۇناسلىق جەھەتتە قۇرئاندىن قالسىلا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك ھەدىس قۇرئانى كەرىمدىن قالسا ئىككىنچى مەنبە. ئەمما ھۆكۈم دەلىللەش نۇقتىسىدىن بولسا، ھەدىس قۇرئانى كەرىم بىلەن تەڭ ئورۇندىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى: ھەدىستىن چىقىرىلغان شەرئى ھۆكۈمنىڭ دەلىلى قۇرئاندىن چىقىرىلغان شەرئى ھۆكۈمنىڭ دەلىلىگە تەڭ تۇرىدۇ. ھەر ئىككىلىسىلا مەنا بىلدۈرىدۇ ۋە مەنانىڭ تەقەززاسى بويىچە ـ بەش ئەھكامنىڭ قايسىبىرىگە ئەمەل قىلىنىش بولسۇن ـ ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**3** . رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى رەت قىلغان، ھەدىسكە ئىسيان قىلغان ۋە يا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە نەھيىسىنى رەت قىلغان ئادەم، ياكى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردە رەسۇلۇللاھقا ھۆكۈم قىلغۇزۇشنى رەت قىلغان ئادەم، ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلمىغان ئادەم بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى ياكى بىرەرسىنى قىلغان ئادەم، بۇ ئادەم ئىسلام مىللىتىدىن چىققان، پاسىق، غەيرى مۆئمىن ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئىشلارنى بېجىرىشنى ئىماننىڭ بارلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ بىكىتكەن بولسا، رەت قىلىش ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى رەت قىلىشنى كۇپۇر ۋە مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى دەپ بېكىتكەن. ۋە بۇلارنى ئۆزىنىڭ روشەن ئايەتلىرىدە بايان قىلغان.

4 . بىز يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئانى كەرىمنىلا ئاساس قىلدۇق . ھەدىس شەرىپ ياكى ساھابىلەرنىڭ بايانلىرى ، ئۇممەتنىڭ ئىجماسى ھەققىدە توختالمىدۇق . بۇنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى بىز بۇ تەتقىقات تېمىمىزدا خىتاپ قىلىۋاتقان ئادەملەر ئۆزلىرىنى قۇرئانىنىڭكىنىلا قوبۇل قىلىدىغان «قۇرئانچىلار» دەپ داۋراڭ سېلىۋاتقان ئادەملەردۇر . شۇ تۈپەيلى بىز ئۇلارغا قۇرئانى كەرىم بىلەن خىتاب قىلىشنى لايىق تاپتۇق . لېكىن بىز ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ئىزنى بىلەن پات ئارىدا بۇ ئاتالمىش قۇرئانچىلارنىڭ شۇبھىلىرىگە رەددىيە بەرگەن ۋاقتىمىزدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى ، ساھابىلارنىڭ بايانلىرى ۋە ئۇممەتنىڭ ئىجمائىسى ئارقىلىق بۇ تېمىنى ئۆز لايىقىدا يورۇتۇپ بېرىمىز . بۇ ئاللاھنىڭ خاھىشى ۋە ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشقۇسىدۇر .

## ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تارىخي مەنبەسى ۋە مەشھۇر مەزھەپلىرى

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تارىخى بۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تارىخى بىلەن بىر تۇتاش دەپ ئېيتساق خاتا كەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئوخشاشتۇر . رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسنى ئىنكار قىلماق بۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشقا يېقىندۇر . بۇ ئىككى ئىش دەۋر جەھەتتە بىر ـ بىرىگە يېقىن ، ئورۇن جەھەتتە ھەم بىر بىرىگە تۇتاشتۇر . ھۆكۈم جەھەتتىمۇ بىر بىرىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . بۇ ئىككى ئېقىمنىڭ پەرقى

بۇ نۇقتىدا بىرىدە يۇقىرى، يەنە بىرىدە تۆۋەن دەرىجىدىكى كۆپۈرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر.

ئەلۋەتتە، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئىنكار قىلماق ۋە ھەدىسكە تانماق خۇددى ئۇ كىشىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش كاپىرلىق بولغىنىدەكلا كاپىرلىقتۇر. ھەممە ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان بىر نوقتا شۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش بىلەن ھەدىسىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىش ھېچبىر زامان ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس. رەسۇلۇللاھنىڭ رىسالىتىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ھەر دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىدەك، ئۆزلىرىنى مەن مۇسۇلمان، ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتىمەن دەپ تۇرۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ھەم دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئىككىنچى تۈردىكىسى ھەيران قالارلىق ئادەملەردۇر. چۈنكى رەسۇلنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتقان بىرىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئىنكار قىلىپ، تەلىم ئېلىپ ئەگىشىشنى رەت قىلىپ، ھۆكۈملىرىنى قوبۇل قىلماي، ئاسىيلىقتا چىڭ تۇرۇپ، سۆزلىگەن سۆز، قىلغان ئىش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەر نەرسىدە بۇ كىشىگە قارشى چىقىشنى ئادەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ دىمىگىنىنى دەپ، قىلمىغىنىنى قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئېتىراپ قىلغان ۋە رازى بولغان نەرسىلەرنى رەت قىلىپ تۇرغان بۇ ئادەم قانداقمۇ رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتقان مۆئمىن بولسۇن ؟!

ھەدىسنى ئىنكار قىلىپ ئۇنىڭغا ئىسيان قىلىش ھەرىكىتى ئەڭ دەسلەپ رەسۇلىمىز ھايات ۋاقتىدا ھېسابقا ئالغىلى بولمايدىغان نادىر ھالەتتە، خۇسۇسى مەسىلە شەكلىدە مەيدانغا چىققان. بۇ ھەقتە ھەدىسشۇناسلار سۈرە نىسانىڭ **65** ـ ئايىتىدىكى ئاللاھنىڭ : ﴿ فَلَا

﴿ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا ﴿٦٥﴾ ﴾ النساء: ٦٥ تەرجىمىسى: «رەببىڭ نامىدىن قەسەمكى، ئۇلار ئارىلىرىدا يۈز بەرگەن مەسىلىدە سېنى ھۆكۈم قىلغۇزمىغۇچە، ئارقىدىن سەن چىقارغان ھۆكۈمدىن قەلبلىرىدە قىلچە بولسىمۇ غۇم ھېس قىلماي تولۇق بويسۇنمىغۇچە مۆئمىن بولالمايدۇ.»[سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت]

دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە شۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ: زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ـ ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن ـ بىلەن ھاتىب ئىبنى ئەبى بەلتەئەمىكىن دەپ گۇمان قىلىنىدىغان بىر ئادەم جاڭجاللىشىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ زۇبەيرنىڭ ئېتىزى باش تەرەپتە بولغانلىقى سەۋەپلىك زىرائەتلىرىنى ئاۋۋال سۇغۇرۇۋېلىشىغا، ئاندىن سۇنى خوشنىسى تەرەپكە قويۇۋېتىشكە ھۆكۈم قىلغان. بۇنىڭدىن نارازى بولغان قارشى تەرەپ: ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇ سېنىڭ ھاماڭنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ؟! يەنى ھاماڭنىڭ ئوغلى بولغانلىقى سەۋەبلىك زىرائەتلىرىنى ئاۋۋال سۇغىرامدۇ ؟ دېگەن. شۇنىڭ بىلەن (بۇ گەپ ئېغىر كەلگەن) رەسۇلىمىزنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە مەزكۇر ئايەتنى نازىل قىلغان.[1]

لېكىن بۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تارىخنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار، بىرىنچىسى بۇنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان، كەم تېپىلىدىغان بولۇشى. ئىككىنچىدىن بۇ

[1] بۇخارىينىڭ تەپسىر ھەققىدىكى 4585. نۇمۇرلۇق ھەدىسى

ئادەملەرنىڭ تېزدىن ھەققە قايتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ يوقالغانلىقىدىندۇر.

تارىختا تىلغا ئېلىنغان مەزھەپلەرنىڭ مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە گۇرۇپپا شەكلىدە ھەدىسنى ئىنكار قىلىشى مەسىلىسگە كەلسەك، بۇ ئىش ئەڭ باشتا خاۋارىج ۋە شىئەلەرنىڭ قولى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. ئارقىدىن ئۇلارغا بىر قىسىم مۇتەكەللىملەر (پەلسەپە ساھەسىدىكىلەر) قوشۇلغان. خۇسۇسەن نۇرغۇنلىغان دىنسىزلار ۋە دىندىن چىققۇچىلار تەۋە بولغان مۇئتەزىلىلەرمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغان. بۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەنلىرىدىن بىرى ئىبراھىم نەززامدۇر.

بۇ ئادەم سېپى ئۆزىدىن نىجىس بىرى بولۇپ ئەتىگىنى ئۆيىدىن مەس پېتى چىقىپ كېتىپ، كەچتە ھەم مەست ھالدا ئۆيىگە قايتاتتى. مەسىلىكنىڭ جىنايىتى ئۇستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالىدىغان، مەينەتچىلىك ۋە بۇزۇقچىلىق ئىچىگە بېشىچە چۆككەن بىرى ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن:

مەن كوزىنىڭ جېنىنى ھېچ ئاغرىتماي ئالدىم
يارا قىلماي، ھالال دەپ بىر قان ئىچىۋالدىم
كوزا جانسىز، جەسەت سۇپەت تاشلاندى يەرگە
مەن بىر تەندە ئىككى جان بولۇپ يەرگە قىيسايدىم

شىئەلەر ۋە خاۋارىجلار مەسىلىسگە كەلسەك، بۇ ھەر ئىككىلا مەزھەپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسگە ئىسيان قىلىپ، ئۇنى ئىنكار قىلىشقان. شىئەلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىدىن پەقەت ئۆز ئېتىقادلىرىدىكى ئىماملىق مەسىلىسىدە ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش

ئەقىدىگە ئىگە بولغان( ئۇلارنىڭ داۋراڭلىرىچە )ئەھلى بەيتنى ياقىلىغان كىشىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىگە نەقىل قىلىنغان ناھايىتى ئاز ساندىكى ھەدىسنىلا قوبۇل قىلىشقان. ئەگەر بىز شىئەلەرنىڭ ئۆزلىرى توغرا كۆرگەن ۋە ئىلىم ئۆگەنگەن ئون نەچچە ساھابىدىن باشقىسىنى يېقىن كۆرمىگەنلىكىنى بىلىگىنىمىزدە شىئەلەر يەنى راپىزىيلار قوبۇل قىلغان ۋە ئەمەل قىلغان ھەدىسنىڭ نەقەدەر ئاز ۋە يوقىلاڭ ئىكەنلىگىنى شۇنداقلا شىئەلەر ئۆزلىرى مەقبۇل كۆرمەيدىغان كۆپ سانلىق ساھابىلاردىن كەلگىنى ئۈچۈن رەت قىلىپ، ئىنكار قىلغان ھەدىسنىڭمۇ نەقەدەر جىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. دېمەك شىئەلەر بۇ ساھابىلارنىڭ ئادالىتىدىن گۇمانلانغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە، خەلىپە بولۇشقا تېگىشلىك ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلماي رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى بولۇشى ئۈچۈن ئەبۇ بەكر ( ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن ) گە بەيئەت قىلغانلىقلىرىغا تەنە قىلغىنى سەۋەپلىك ھەدىسنى رەت قىلىشقان. شىئەلەرنىڭ ئىچىدە مۆتىدىللىرى ۋە چەكتىن ئاشقانلىرى بار بولۇپ، مۆتىدىللىرى ساھابىلەرنى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) پاسىقلىق بىلەن ئەيىپلىسە، چەكتىن ئاشقانلىرى(ئاللاھ ساقلىسۇن) ساھابىلارنى كاپىرغا چىقىرىشقان. شىئەلەر بۇ خىل ھۆكۈمدىن بارماق بىلەن سانىۋالغۇچىلىك ساھابىنىلا مۇستەسنا دەپ قارىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىئەلەر(راپىزيلار) يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ھەدىسنى ئىنكار قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، بۇ نۇقتىدا جىنايىتىنى ھەسسىلەپ ئېغىرلاشۇرىتىدىغان ھەدىسنى ئىنكار قىلىپ، رەت قىلىشتىن ئىبارەت جىنايەتنى ئۈستىلىرىگە يۈكلەشكەن ئىدى . ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن بەلكى ئۆزلىرى ھەدىس دەپ ئاتاپ بىر نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، رەسۇلۇللاھقا چاپلاشقا قەدەر بېرىپ

يەتكەن. شىئەلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسى شەكلىدە ئىماملىرىنى ئۇلۇقلاش، يوللىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش، ئەقىدىللىرىنى ئاساسقا ئىگە قىلىش ۋە شۇنداقلا يەنە باشقا پىكىردىكىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئەيىبلەش مەزمۇنىدىكى بىر بۆلۈك سۆزلەرنى قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يالغاننى چاپلاشقان. رەسۇلۇللاھ ئۈستىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بۇ ئاتالمىش ھەدىسلەرنىڭ بۇلاردىكى شەرىئەتشۇناسلىق دەلىللىرى ۋە دىن ئاساسلىرىغا ئالاھىدە زور تەسىرى بولغان.

خاۋارىجلارغا كەلسەك، ئۇلار ئەلى ۋە مۇئاۋىيە ـ ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ـ ئارىسىدىكى مەشھۇر تەھكىم (تارىختىكى ئىككى ساھابىنى خەلىفە ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئارىسىدىكى ماجرانى ئايرىپ قويىشى ئۈچۈن ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن ۋەقە) ۋەقەسىدىن كېيىن، بۇلار ساھابىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئادالىتىگە تىل ئۇزىتىشقا باشلىغان. بەزى خاۋارىجلار ساھابىلەرنى پاسىققا چىقارسا (بۇلار تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، ئاز ساندىكى ئادەملەر)كۆپ سانلىق خاۋاجلار ساھابىلارنى كاپىرغا چىقارغان(ئاللاھ ساقلىسۇن)بەلكى خاۋارجلار ئىچىدە بەزىلىرى ساھابىلەرنى ئۇرۇش ئېچىش، ئولجا ئېلىش، جىزيە قوبۇل قىلىنماسلىقتا ۋە باشقىلاردا مۇشرىكلارغا ئوخشاش دەپ قارىغان. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىسلامدىن قاتتىق ئاداشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەدىسنى ئىنكار قىلىشى ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قارشى يول تۇتۇشقا بولغان قاتتىق ئىنتىلىشى ئۇلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشتا ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىققان ئىدى. بۇلار ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ھەمدە مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئۈستىدىن يالغاننى توقۇپ، مۇسۇلمانلارنى تۈرلۈك بەتنامىلار بىلەن كاپىرغا چىقىرىشتا قەلەملىرىنى ئۇچلاپ مەيدانغا چىقىشتى. بۇلارنىڭ

كۆپچىلىكى «ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولمىغان پىكىردىكى مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان دىيار دارۇلھەرب (دۈشمەن، كاپىر دىيارى) دۇر. بۇ دىياردىكى ئاياللار ۋە بالىلار جەڭدە ئۆلتۈرۈلسە بولىدۇ. پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئەرەب مۇشرىكلىرىغا ئوخشاش كاپىردۇر. ئۇلاردىن پەقەت ئىسلاملا قوبۇل قىلىنىدۇ ئىسلام كەلتۈرمىسە ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئەھكاملار مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇلار قۇرئاندا يوق ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلىپ ئائىلە قۇرۇپ باققان زىنا قىلغۇچى ئەر ئايالنى تاش بوران قىلىش جازاسىنى ئىنكار قىلىشىدۇ. ئوغرىغا بېرىلىدىغان جازانى ئىتراپ قىلىسمۇ ھەدىستە ۋە ئۇممەتنىڭ ئىجمائىدا كۆرستىلگەن ئوغرىلانغان مالنى باھالاش ۋە ئۇنىڭ مەلۇم مىقدارغا يەتكەن بولۇشىغا، ئوغرىنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىن كېسىلگەن بولۇشىغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار ئاللاھ ئادا قىلىشقا بۇيرىغان ئامانەتكە كاپىر بولۇشنى ھالال دەپ قاراپ، مۇسۇلمانلار مۇشرىكلاردۇر، ئۇلارنىڭ ئامانەت قويغان مال ــ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ھالال دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەيمۇنىيە دېگەن بىر تۈركۈمى قىزىنىڭ قىزى ۋە ئوغلىنىڭ قىزى بىلەن نىكاھلىنىشنى قۇرئان ھارام دەپ تىلغا ئالمىغىنى ئۈچۈن ھالال دەپ قارايدۇ. خاۋارىجلار رەسۇلىمىزنىڭ ھەدىسىنى رەت قىلغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئەھكاملار ۋە دىن مەسىلىسنى پەقەت قۇرئاندىنلا ئالىدىغانلىقىنى داۋراڭ سالغانلىقى سەۋەبلىك دىن ئاساسلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكامى مەسىلىسىدە يۇقىرىدىكى بىر تالاي ئازغۇنلۇق ۋە زالالەت ئىچىگە پېتىپ قېلىشقان بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قۇرئان بىلەن قارشىلاشقانلىقىنى، ھەدىسنى تاشلىغان كۈنى قۇرئاننى ئارقىغا چۆرۈۋېتىپ، تاشلاندۇق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقانلىقىنى بىلىشمىگەن.

ئابدۇلقاھىر ئەلباغدادى خاۋارىجلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئىجمائنىڭ، شەرئىي سۈننەتلەرنىڭ دەلىل بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. شەرىئەت ئەھكاملىرى ئىچىدە قۇرئاندىن باشقا نەرسە ھۆججەت ئەمەس دەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار زىناخورنى تاش بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى، ئۆتۈككە مەسىھ قىلىشنى قۇرئاندا يوق دەپ ئىنكار قىلىدۇ. ئوغرىلىغان مال ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ئوغرىلا بولسا قولىنى كېسىدۇ. چۈنكى قۇرئانى كەرىمدە قول كېسىش ھەققىدىكى بۇيرۇق مۇتلەق كەلگەن دەپ قاراپ ، قول كېسىش ئۈچۈن ئوغرىلانغان مالنىڭ مەلۇم قىممەتكە يەتكەن بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەتنى ۋە ياكى قول كېسىشتە ئوغۇرلانغان مالنى باھالاش ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ.[1]

خاۋارىجلار ۋە شىئەلەردىن ئىبارەت بۇ ئىككى گۇرۇھ ساھابىلارغا (ئاللاھنىڭ رازىلىقى بۇلارنىڭ ھەممىسگە بولسۇن) ئەيىپ قويغىنى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى رەت قىلىشىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنىڭ بىزگە ساھابىلار ئارقىلىق يېتىپ كەلگەنلىكى، بەلكى پۈتكۈل دىنىمىزنىڭ ھەم بىزگە ساھابىلار ئارقىلىق يېتىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايدىڭ.

رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان دەۋىرداش ئىنسانلار ھېساپلانغان ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ گەپ ـ سۆز ، ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتىكى پۈتۈن ئەھۋالىدىن خەۋەردار، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ۋە سۈكۈناتىنى ساقلاش، ھەربىر تەلەپپۇز ۋە سۈكۈتىنى بىزگە يەتكۈزۈشكە ھېرىسمەن، رەسۇلىمىزنىڭ چوڭ كىچىك

---

[1] بۇ ھەقتە ئۇسۇلۇددىن دېگەن كىتاپنىڭ 19 .بېتى، «پىرقىلەر ئارىسىدىكى پەرىق» «ئىسلامچىلارنىڭ ماقالىلىرى» «يوللار ۋە ئېقىملار» دېگەن كىتاپلارغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

ئەھۋالىنىڭ ھەممىنى ئەينەن تەسۋىرلەشتە ھەم ئىشەنچلىك بىر تەبىقە كىشىلەردۇر.

ساھابىلار بىزگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىرىنمۇ كەم قىلماي يەتكۈزگەن ئادەملەردۇر. شۇڭا ساھابىلارنىڭ شاراپىتى بىلەن(ئاللاھ ئۇممەتكە ۋاكالىتەن ئۇلارنىڭ ئەجرىنى بەرسۇن) بىز بەئەينى ھەر بىر ئىشتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ياشىغاندەك، ئۇ زاتنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى نەق مەيداندا كۆرۈپ تۇرغاندەك بىر ھېسسىياتقا كېلەلەيمىز. دېمەككى ئۇلار رەسۇلىمىزدىن تەلىم ئالغان، رەسۇلىمىز ئاللاھتىن ئالغان بۇ دىننى بىزگە قۇرئاندىكى ۋەھيى ياكى ھەدىستىكى ۋەھيى سۈپىتىدە مۇكەممەل يەتكۈزگەن ئادەملەردۇر.

«ساھابىلار ئادىل ئەمەس ئىدى» دېگەن قۇرۇق داۋراڭغا تايىنىپ ساھابىلاردىن تەلىم ئېلىشنى رەت قىلغانلار ـ مەيلى قايسى جامائەت ياكى گوروھتىن بولسۇن ـ دىنىنى كىمدىن ئۆگىنىدۇ؟!

ئىسلامنىڭ ئەھكام، بەلگىلىمىلىرىنى قەيەردىن بىلىدۇ ؟!

ناماز ۋە نامازنىڭ شەكلى، زاكات ۋە زاكاتنىڭ مىقدارى، رامىزان ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ھەج ۋە ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ئۆز دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى قەيەردىن ئۇگىنىدۇ ؟!

ئۇ يەنە نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى تونۇيدىغان، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق مەسىلىلەردە قايسى ئىشنى قىلىپ، قايسى ئىشنى قىلماسلىقنى بىلىدىغان ھۆكۈملەرنى قەيەردىن ئالىدۇ؟!

بىز بۇ مەسىلىلەرنى قۇرئانى كەرىمنىڭ قەيىرىدىن تاپالايمىز؟! پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى موبارەكلىرىنى قويۇپ تۇرىمىز، قۇرئان بىزگە كۆپايە دەۋاتقان بۇ ئادەملەر يۇقىرىقى مەسىلىنى قەيەردىن ئۇگىنىدۇ؟!

ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسنى رەت قىلىشىنىڭ دىنغا قارشى چىققانلىقى، دىندا ئەسلى ئۇ دىندا بولمىغان نەرسىلەرنى پەيدا قىلغانلىقى، ئىسلامغا ئالاقىسى بولمىغانلا ئەمەس بەلكى ئىسلامغا زىت ۋە قارشى كېلىدىغان ئەقىدىنى ئېتىقاد بىلىپ، شۇنداق مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى....دىن ئىبارەت بىز كۆرستىپ ئۆتكەن بىر بۆلۈك تەسىرلىرى بۇلارنىڭ ئىشىنى شۇنداق بىر پەللىگە ئېلىپ چىققانكى، ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن ئىسلامنىڭ بېغىنى ئۈزۈپ، مۇسۇلمان ئۇممەتنى كاپىرغا چىقارغان. ئۇممەت كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن زالىملار ئۆزلىرى كاپىر بولۇشقاندۇر. ئۇلار بۇ دىننى «دىنغا كۆڭۈل بۆلمىز» دېگەن نام بىلەن يىقتىماقچى بولغان. قۇرئانغا «قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىمىز، قۇرئانغىلا تايىنىمىز» دەپ تۇرۇپ كاپىر بولۇشقاندۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئىتائىتىگە، ئۇ زاتتىن ئۆگۈنۈشكە، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا، چەكلىگىنىدىن يېنىشقا بۇيرۇيدىغان، قۇرئانى كەرىمدىكى روشەن ئايەتلەرنىڭ ئالدىدا ئۇلار قەيەردە ؟!

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپس ــ خاھىشى، ھاۋايى ــ ھەۋىسى بويىچە سۆزلىمەيدىغانلىقى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن كەلگەن ۋەھىي ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ روشەن ئايەتلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قەيەردە ؟!

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلغان بۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ۋە ئۇلار كەبى مەخلۇقلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ دېگەن:

﴿ ... فَلْيَحْذَرِ ٱلَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِۦٓ أَن تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٦٣﴾ ﴾ **النور: ٦٣** تەرجىمىسى: «رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىدىغانلار ئۆز باشلىرىغا بىر پىتنىنىڭ كېلىپ قالغان

بولۇشىدىن، ياكى قاقشاتقۇچ بىر ئازابنىڭ كەلگەن بولۇشىدىن ھەزەر ئەيلىسۇن.»[ سۇرە نۇر63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

دەپ ئاگاھلاندۇرغان سۆزى قەيەردە ؟!.....

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسنى ئىنكار قىلىش ۋە ھەدىسكە قارشى ئىسيان قىلىش ھەرىكىتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسنى قۇرئانغا ئوخشىغان بىر قانۇنىي مەنبە دەپ ھېسابلاشنى رەت قىلىش ھەرىكىتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىتائىتىگە قارشى چىقىش ھەرىكىتى مانا موشۇنداق مەيدانغا كەلگەن.

بۇ زالالەت ھەرىكىتى خاۋارىج ۋە شىئەلەرنىڭ (يەنى راپىزىيلارنىڭ) قولىدا مەيدانغا كەلگەن. ئارقىدىن مۇتەكەللىملەر تائىپىسى قولىغا ئالغان. ئاندىن بۇ زالالەت ئۇلارنىڭ بۇ نۇقتىدا ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى بولغان مۆئتەزىللەلەرگە مىراس قېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئازغۇنلۇق بىر ئازغۇندىن يەنە بىرسىگە قېلىپ، بىر ئازغۇن يەنە بىر ئازغۇندىن ئۆگىنىپ يۈرۈشكەن. ئۇلار ئازغۇنلۇقلار ئىچىدە خىلمۇ ـ خىل مەزھەپ ۋە تائىپىلەرگە بۆلۈنگەن. بۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى مەيلى ئۇ ھەدىس سۆزلەنگەن سۆز بولسۇن، يا قىلغان ئەمەل بولسۇن ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بولغىنى بولسۇن تامامەن ئىنكار قىلسا، ۋە ئۇ زاتنىڭ گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى باشقا ئاددىي ئىنسانلارنىڭ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاش، ئۇ ھەدىسلەرنىڭ دىن بىلەن يىراق يېقىندىن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق دېيىشكەن بولسا، يەنە بىر تۈركۈمى ھەدىسنىڭ پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن بىجىرىلگەن ئەمەلنى تۇتۇپ، ئاغزاكى دېيىلگىنىنى تەرك قىلىشقان. بۇ پەرىقلەندۈرۈشتە شەرىئەتتىن يا ئەقىلدىن بۇنىڭغا ئاساس بولىدىغان دەلىل ياكى ئىسپات ھەققىدە ئويلىنىپمۇ

قويۇشمىغان. ماھىيەتتە ئەمەلنى بىجىرگەن زات سۆزنى قىلغان زاتنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

بۇ نۇقتىدا مۇشۇ تۈركۈمدىكىلەرنىڭ جىنايەت جەھەتتە بىر قەدەر يېنىك بولغىنى ئۇچىنچى بىر تۈركۈمى بولۇپ، بۇلار كەڭ ئومۇملاشقان، سانى بىر قەدەر كۆپ، تېرىغان ئاۋارىچىلىقى ھەم جىق، تۇتۇپ ماڭغان يولى خېلى كەڭ تارقالغان. بۇ ئادەملەر رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىن سۆز ۋە ئەمەل جەھەتتە مۇتەۋاتىر (ئىشەنچىلىك) بولمىغىنىنى تۇتمايمىز دەيدىغانلاردۇر. بۇلار خەبەر ۋاھىدنى (يەنى ساھابىلەردىن بىر كىشى يەتكۈزگەن خەۋەرنى) قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ھېسابقا ئالمايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى خەبەرى ۋاھىدنى ئومۇمىيۈزلۈك رەت قىلسا، يەنە بەزىلەر ئەقىدىۋى مەسىلىلەردە رەت قىلىدۇ.

بۇ ئازغۇنلۇق ھەرىكىتى تارىخى جەرياندا مۇسۇلمان ئۇممىتى مىقياسىدا ۋە شەرق ـ غەربتە، خىلمۇ ـ خىل مەزھەپلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ **19**ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى **20** ـ ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەنگە قەدەر تارقاق شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. دەل مۇشۇ دەۋرگە كەلگەندە ھىندىستاندا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قايتىدىن بىر يامان سۈپەتلىك ئۆسمە ھالىتىدە ئۆسۈپ چىقتى. بۇ قۇرئانچىلار تائىپىسى دەپ ئاتالغان ئۆسمە ئىدى. بۇلار بىردىنبىر قۇرئانغىلا تايىنىشقا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنى تاشلاشقا دەۋەت قىلدى.

بۇ ئادەملەر ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ پەرۋىشى ئاستىدا ئاكتىپلىق ۋە پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆز يولىغا دەۋەت باشلاپ، ھىندىستاندىن ـ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى ـ پاكىستانغا پەرۋىزچىلەر نامى ئاستىدا يۆتكەلدى. بۇ تائىپە بىزنىڭ بۇ تەتقىقاتىمىزدىكى ئوبيېكتىمىزدۇر. بىز تۆۋەندىكى قۇرلىرىمىزدا

ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بۇلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە مۇھىم يولباشچىلىرىنى بىر ئاز تەپسىلىي قىلىپ بايان قىلىمىز.

## ئاتالمىش قۇرئانچىلار مەزھىپى ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئامىللار

ئىنگلىزلار ھىندىستان يېرىم ئارىلىنى ئۆز كونتروللىقى ئاستىغا ئېلىپ ھىندىستاندىكى ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، بۇددىستلار، جىينىلار ... قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن باشقا ھەر قايسى دىن، مەزھەپ ۋە گۇرۇھتىكى كىشىلەر ئىنگلىزلارغا بوي ئەگدى. ھىندىستاندا ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمانلار بولسا، ئېنگىلىز مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ باشقۇرۇشى ئاسانغا توختىمىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلار بىلەن بىر كۈنمۇ مۇرەسسە قىلمىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قەيسەرلىكى زورلۇق ۋە زوراۋانلىق بىلەن مۇسۇلمانلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان ياتلارغا ئىتائەت قىلىشتىن توسىدىغان ئىسلامدىن كېلىپ چىققان ئىدى. شۇڭلاشقا ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرىگە نىسبەتەن بىر ئەنسىزلىك ۋە بىئارامچىلىق شەكىللەندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنگلىزلارنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ دىيارلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىغا نىسبەتەنمۇ خەتەر شەكىللەندۇرگەن ئىدى. مۇسۇلمانلار ئىنگلىزلارغا قارشى جىھاد چاقىرىقلىرىغا توختىماستىن ئاۋاز قوشۇپ، پات ــ پات قوزغىلاڭ قىلىپ تۇراتتى. بۇ قوزغىلاڭلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ قوزغىلاڭ مىلادىيە **1857**. يىلى ماي ئېيىدىكى قوزغىلاڭدۇر.

بۇ قوزغىلاڭ تۈپەيلى ئىنگلىزلار مۇسۇلمانلارنى باشقا دىندىكىلەر ۋە تائىپىلەردىن بەكرەك ئۆچ كۆرىدىغان، يامان كۆرىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئېنگلىزلار بۇ زېمىندىكى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۈرلۈك ئويۇن، سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكرىلەرنى قىلاتتى. ئىنگلىزلار بۇ زىمىندىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەددى ـ ھېساپسىز سۇيىقەست ۋە تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇ ھىلە ـ تەدبىرلەر ئىچىدىن بىر پىلاننى ئالاھىدە پۇختا، ئەتراپلىق شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. بۇ پىلان مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىنى بۆلۈش، كۈچ قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ھەرقايسى مەزھەپلەر ئارىسىدىكى تالاش تارتىشنى ئەۋج ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلارنىڭ مەقسەت ۋە نىشانلىرىنى روياپقا چىقاردى. ئېنگلىزلارنىڭ بۇ پىلانى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ھوقۇق، پۇل ـ مال بەدىلىگە دىنى ۋە ئۇممىتىنى سېتىشقا تەييار شەخسلەرنى ئۆزىگە تارتىپ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەتكە سېلىش ئۈچۈن تەييارلاشنى ئاساس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز مالايلىرى ئۈچۈن سىزىپ بېرىدىغان پىلانى بىرلا ئىدى. بۇ پىلان بويىچە مالايلار ئىسلامىي قىياپەتكە كىرىپ، ئىسلامغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىغان، ئىسلام ھەققىدە كىتاب يازىدىغان بولاتتى. شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ ئۇلارنىڭ نامى چىقىپ ئەتراپىغا ئادەملەر ئۇيۇشقىنىدا، ئۇلار ئىنگلىزلار تۇزۇپ بەرگەن پىلانلارنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. باشتا ئىسلام ئەقىدىسى، ئارقىدىن ئىسلامنىڭ شەرىئىتى ھەققىدە شەك ـ شۇبھە ئۇرۇقلىرىنى تېرىشنى باشلايتتى. ئارقىدىن ئىسلامغا جان كۆيدۇرۇش، كۆڭۈل بۆلۈش دېگەن داۋا ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ زەھەرلىرىنى تارقىتىشنى باشلايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىسى مەلئۇن غۇلام ئەھمەد قاديانىيغا ئوخشاش پەيغەمبەرلىك

داۋرىگى سىلىپ چىقسا، يەنە بەزىلىرى ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرگەنلىك داۋرىگى سىلىپ مۇشۇ نام بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە (ئەھمەد رىزا خاننىڭ قىلغىنىدەك) ئاللاھنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرىنى كەيدۈرەتتى. بۇلارنىڭ يەنە بەزىسى ئەھمەدخان كەبى ئۆزىنى زامانىنىڭ يېڭىلىغۇچىسى دەپ دەۋا قىلاتتى.

بۇ ئەخمەتخان دىگىنى ئىنگلىزلارغا شۇ قەدەر ئىخلاس قىلغان ئىدىكى ئىنگلىزلارغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش بەدىلىگە دىنىنى سېتىپ، ئۇممىتىنى قۇربانلىق قىلىپ بېرىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن....

تۆۋەندە بىز ھىندىستاندىكى قۇرئانچىلارنىڭ مۇھىم ئادەملىرىنى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تارىخى ۋە مۇھىم كۆزقاراشلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1 . سەييىد ئەھمەد خان[1]

---

[1] بۇ ئادەم سەئىد ئەھمەد خان ئىبنى ئەھمەد مىرمۇتتەقى ئىبنى ئەمماد ئەل ھۇسەينى. **1817**. يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا دېھلىدا تۇغۇلغان. دەسلەپكى ئوقۇشىنى قۇرئان كەرىم بىلەن باشلاپ ئارقىدىن ئەرەبچە ۋە پارسچە ئۆگەنگەن. ئاندىن دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. يىگىرمە بىر ياش ۋاقتىدا دادىسى ۋاپات بولۇپ دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شەرقىي ھىندىستان شىركىتىگە ئىشچى بولۇپ كىرگەن. بۇ ئۇنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىششى بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭدىكى زېرەكلىك ۋە يۇقىرىغا ئىنتىلىش روھىنى كۆرۈپ ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىشقان ۋە ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئىزدەۋاتقان بىر نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك بولۇشقان. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنگلىز خوجايىنلىرىغا بولغان يېقىنلىقى ساداقىتىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان. مۇشۇ يەردىن ئۇلار ئۇنى ئىنگلىز سوت مەھكىمىلىرىدىكى ياردەمچى سوتچى دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈپ ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ پۇل ـ مال بەرگەن ۋە ئۇنى قوغدىغان. ئەھمەدخانمۇ خوجايىنى ئىنگلىزلارنىڭ قىلغان شەپقىتىنى بىلىپ، خىزمىتىنى جان تىكىپ ئىشلەپ ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشقان. ئىنگلىزلارنىڭ مۇستەملىكچىلىك سىياسەتلىرىنى ئاقلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇممىتى ۋە دىنىغا قارشى ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغان. ھەتتا ئۇ **1857**. يىلى ماي ئېيىدىكى ئۇممەتنىڭ ئېنگلىزلارغا قارشى ھەرىكىتى ھەققىدە مەخسۇس بىر كىتاب يازغان بولۇپ، بۇ كىتاۋىدا پۈتكۈل مەسئۇلىيەتنى ھىندى مىللىتىگە دۆڭگەپ، ئىنگلىزلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن ۋە ئىنگلىزلارغا بىر بۆلۈك تەكلىپ ئىلتىماسلارنى سۇنغان. ئىنگلىزلار ئۇممەتكە

يېڭى دەۋردىكى ھىندى يېرىم ئارىلىدا ھەدىس ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تارىخى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلىش، ئۇممەتنى بۆلۈش، ئۇممەتنىڭ ئىسلام دۈشمەنلىرى بولغان ئىنگلىزلارغا قارشى تىرىشچانلىقىنى چېچىشنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، قۇرئان ھەدىس ۋە ئۇممەت بىرلىككە كەلگەن نەرسىلەرگە قارشى يات يوچۇن پىكىرلەرنى پەيدا قىلىش قاتارلىق بىر تالاي خىيانەتلەر تارىخى سىير ئەھمەدخان ياكى سەييىد ئەھمەدخان ئىسمىلىك بۇ ئادەم بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرىگە تەخسىكەشلىك قىلىش، خۇشامەت قىلىش بەلكى ھەمكارلىشىپ يېقىن بىلىش، سېپىگە قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە تويۇنۇشقا دەۋەت قىلىش، پۈتكۈل تۇرمۇش مەسىلىلىرىدە ئىنگلىزلارنىڭ مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئۈندەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھاياتىنى ئىنگلىزلارنىڭ خىزمىتىگە بېغىشلاپ، ئۇلار بىلەن تىنچ ـ ئىناق ئۆتۈپ، ھەمكارلىششقا دەۋەت قىلىش خىزمىتى بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن مۇشۇ ئادەمگە چېتىلىدۇ.

بۇ ساھەدە نۇرغۇن ئادەملەر ئەھمەدخاننى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلغان بولۇپ مانا بۇ، ئۇممەتنىڭ بۇ ئادەم سەۋەبلىك تارتقان خاپىلىقىنى تېخىمۇ زور ۋە تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك بالايىئاپەتكە ئايلاندۇرغان.

---

قارشى سىياسىتىدە ئۇنىڭ تەكلىپ ۋە ئىلتىماسلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. ئۇ كىتاب يېزىش، تۈزەش، ژۇرنال چىقىرىش ئىشلىرىدا ناھايىتى ئاكتىپ بولۇپ بۇ ھەقتىكى پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى ئۆزىنىڭ ۋە خوجايىنلىرىنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قاراتقان. بۇ يولدا نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېت ۋە مەكتەپلەرنى قۇرۇپ چىققان. ئاخىرىدا خىزمەتلىرىنى ئەلىيكەرە ئۇنىۋېرسىتېتنى قۇرۇپ چىقىش بىلەن تاماملىغان. بۇلار ئۇنىڭ ئاممىۋى ساھەدىكى قىلمىشلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شەخسى ساھەدىكى قىلمىشلىرى بولسا ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، ئۇ ناماز ئوقۇمايدىكەن، رامزان تۇتمايدىكەن ۋە دىن ئىشلىرىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن. ئەھمەتخان **1897**. يىلى مارت ئېيىدا ئۆلۈپ، ئۆزى قۇرۇپ چىققان ئەلىيكەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەسچىتىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

تېمىمىزغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە كەلسەك بۇ ئادەم قەلەم ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن كۆپ شۇغۇللانغان ئادەم بولۇپ، ئۇ يازغان كىتاپلار ئىچىدە «قۇرئانى كەرىمنىڭ تەپسىرى» دەپ ئاتالغان بىر كىتاۋى بار. ئۇ بۇ تەپسىرىدە قۇرئانىنىڭ ئۆزىگە، ھەدىسكە ۋە ئۇممەتنىڭ ئىجمائىغا خىلاپ يول تۇتقان. ئەڭ ئاددىي شەكىلدىكى ئىلمىي پرىنسىپقىمۇ خىلاپ يول تۇتقان. چۈنكى ئۇ قۇرئان تەپسىرىدە ئۆزىنىڭ ئەقلىگە ۋە ئەقلىنى باشقۇرىدىغان ھاۋايى ھەۋىسىگە تايانغان. بۇ سەۋەبلىك ئۇ دىنىنىڭ ئەڭ ئاددىي پرىنسىپلىرى، ئەقىدە ۋە بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە تەپسىرىدە قۇرئانى كەرىم چۈشكەن ئەرەب تىل ئۇسلۇبىغىمۇ خىلاپلىق قىلغان. قۇرئان كەرىم چۈشكەن ۋاقىتتىكى سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىگەن ئەسلى مەنىلىرىنى پەرۋايىغا ئالماستىن، دىننى بۇزۇش ۋە شەرىئەتنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ھاۋايى ھەۋەس ۋە غەرىزىگە بوي ئەگدۈرگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ غەيبنى ئىنكار قىلغان. جۈملىدىن پەرىشتىلەرنى ئىنكار قىلغان، جىنلارنى، شەيتانلارنى ئىنكار قىلغان. بۇلارنى ئىنكار قىلىش يولىدا قۇرئان كەرىم دىكى جىن، پەرىشتە ۋە شەيتانلار بايان قىلىنغان ئايەتلەرنى باشقا نەرسىلەرگە تەئۋىل قىلغان. پەرىشتىلەرنى تەبىئەت ئامىللىرى، شامال، يامغۇر، يانار تاغقا ئوخشاش تەبىئەت كۈچلىرى دەپ تەئۋىل قىلغان بولسا، جىنلارنى قاراڭغۇ كېچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدىغان باياۋان ۋە سەھرالاردا ياشايدىغانلار دەپ تەئۋىل قىلغان. شۇنىڭدەك شەيتانلارنى كۆڭۈل خاھىشى ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەس كۆز تۇتۇلىدۇ دەپ تەئۋىل قىلغان. ئۇنىڭ ئەرەب تىلى ئۇسلۇبى ۋە سۆزلۈكلىرىنىڭ دالالىتىگە خىلاپ كېلىدىغان بۇ پرىنسىپى ئۇ دىن ھەققىدە ئىشلىگەن يەنە بىر جىنايەتنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولۇپ بۇ

جىنايەت ئۇنىڭ «قۇرئانى كەرىم رەسۇلىمىزغا سۆزلىرى ۋە مەنىلىرى بىلەن نازىل بولماستىن بەلكى مەنىسى بىلەنلا نازىل بولغان» دېگەنلىكى ئىدى. بۇنىڭ مەنىسى : «ئاللاھ قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە تاشلىدى. ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز ئىچىدىن چىققان سۆزلۇكلەر شەكلىدە قۇراشتۇرۇپ چىقتى» دېگەنلىك بولاتتى. ئۇ ئادەم مۇشۇ ئارقىلىق «رەسۇلۇللاھقا قۇرئاننىڭ مەنىسى بىلدۇرۇلگەن، رەسۇلۇللاھ ئارقىدىن ئۇنى ئۆز ئىچىدىن سۆزلۇكلەر بىلەن قۇراشتۇرۇپ چىققان» دېگەن سۆزىدە قۇرئانى كەرىمنى ھەدىسكە ئوخشاش قىلىپ قويغان. ئەھمەتخان ئوتتۇرىغا چىقارغان يۇقارقى مەسىلىلەر ئالىملارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇنى كاپىر دەپ ئەيىبلىشىگە سەۋەپ بولدى. بۇ يەنە بىر نۇقتىدىن ئۇنىڭ باتىلدا تېخىمۇ ئەزۋەيلىشى ۋە يېتىپ بارغان ئەنە شۇ چوڭقۇر ھاڭغا قاراپ ئازغۇنلۇق ۋە زالالەتلەر ئىچىدە راۋان بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرگە كەلسەك، ئەھمەدخان ھەدىس شەرىفنى ئىنكار قىلىش ۋە ھەدىسكە ئىسيان قىلىشتا «قۇرئانى كەرىم يېتەرلىكتۇر» دېيىش، ھەدىسنى بولسا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرى... ۋاھاكازالارنى دەپ ھەدىسكە تەنە قىلىشتا كېيىنكىلەرگە ئاساس سېلىپ بەردى. بىز بۇ ئادەمنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلىيەلەيمىز.

**(1)** ھەدىستە كەلگەن جىن، پەرىشتە، شەيتان، جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدىكى ھەر نەرسىنى، ئۇنىڭ قۇرئان كەرىمگە تەپسىر يازغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەن ۋاقتىمىزدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارغان تەئۋىللەرنى قىلغان.

(2) ئۇ «ھەدىس ئۆزۈن مەزگىل خاتىرىلەنمىگەن، بۇ جەرياندا ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىدە ساقلىنىپ تۇرغان. مانا بۇ ھەدىسكە قوشۇمچە قىلىپ قويۇش، قىسقارتىۋېتىش، مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، نۇرغۇنىنىڭ ئۇيدۇرۇپ چىقىرىلغان بولىشى، ھەممىنىڭ قارا ـ قويۇق رەسۇلۇللاھقا نىسبەتلىنىشى... قاتارلىقلارغا شارائىت ھازىرلىغان. مانا بۇ ھەدىسنىڭ تامامىغا بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقۇزغان، ھەممىسىنى شەك گۇمان دائىرىسىگە چۈشۈرۈپ قويغان» دەپ داۋا قىلغان.

(3) يۇقىرىقىلار ئاساسىدا بۇ ئادەم « پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىدە كەلگەن ھەممە بۇيرۇق ـ نەھىيلەرنى، خەۋەر ۋە ئەھكاملارنى، ھەدىس ئۆلىمالىرى، سۈننەتنىڭ شەرھىلىگۈچىلىرى، ۋە مەزھەب پىقھشۇناسلىرى تەرىپىدىن يەكۈنلەش تۇسىنى ئالغان مەسىلىلەر دەپ قارىغان ۋە بۇ نۇقتىدىن مۇسۇلمانىنىڭ ئۇ ھەدىسنى ياكى ئۇ ھەدىستە كەلگەن مەزمۇننى قوللىنىشى زۆرۈر مەسىلە ئەمەس، بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار. بىرىنچىدىن: بۇ ھەدىسلەر يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ خاتىرىلەنمەي تاشلاپ قويۇلغان ۋاقىت ئۇزۇن بولغىنى ئۈچۈن ـ شەكسىز رەسۇلۇللاھ دىگەن دەپ رەسولۇللاھقا نىسبەت بېرىشتە شەك بار. ئىككىنچىدىن: ئۆلىمالار بۇ ھەدىسلەردىكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلمىگەن بولۇش ئېھتىماللىقى بار. شۇڭلاشقا ئۆلىمالار ئۆز ئەھكاملىرىنى خاتا چۈشەنچە ئۈستىگە قۇرۇپ چىققان، نەتىجىدە ئەھكاملارمۇ خاتا ھالدا مەيدانغا كەلگەن» دىگەن.

(4) ئەھمەتخان ئاساس قىلىشقا بولىدىغان ھەدىسنىڭ بايانى ئۈچۈن ئۆزىچە، ئۆز ئىچىدىن بىر بۆلۈك ئۆلچەم فورمىلالارنى تۈزگەن. ئۇ مەقسەتلىك ھالدا بۇ فورمىلالارنىڭ ئومۇمىي ھەدىسلەرنى باتىلغا چىقارغۇچى بولغان بولۇشىنى مەقسەت قىلغان. ئۇ ئۆزىچە پەيدا

قىلىنىۋالغان بۇ فورمىلالار ـ دۇرۇس نىيەتتە تەتبىقلىغان ئەھۋالدا ـ بىر ياكى بىرنەچچە ھەدىسنى (سەھىھ دىيىشكە) ماس كېلىدىغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئورۇنسىز تەئۋىل قىلىشتا ۋە ئەرەپ تىلىنىڭ تەلىپىدىن چەتنەشتە زورۇقۇپ ۋە كۈچەپ كېتىۋاتقانلىقلىرىنى ھېسابقا ئالغىنىمىزدا، بۇ ئادەمنىڭ فورمىلالىرى پۈتكۈل ھەدىسنىڭ بىرىنىمۇ سەھىھ دەپ ھېساپقا ئالمايدۇ. بۇ فورمىلالار:

[1]رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس جەزمى ۋە ئىشەنچلىك رەۋىشتە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى بولغان بولۇش . بۇ فورمىلاغا بىر ھەدىسنى چۈشىدۇ دېگەنگە ئۇلارنى قايىل قىلىش بەسىي مۇشكۈل ئىش. چۈنكى ئۇلار مۇتەۋاتىرغا (ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىسكە) تىل ئۇزىتىۋاتقان ئەھۋالدا باشقىسىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟!

[2]رىۋايەت قىلغۇچى سۆزلىگەن سۆزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز ئەمەلىي سۆزلىگەن سۆزنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپات بولۇشى.

[3]رىۋايەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان ھەدىس سۆزلۈكلىرىنىڭ، ھەدىس شەرھىلىگۈچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان، فىقھىشۇناسلار ئەھكاملىرىنى چىقىرىشتا ئاساسلانغانلىرىدىن باشقا مەنىلىرى بولمىغان بولۇش. بۇ ئاخىرقى فورمىلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىس شەرىيفىنىڭ ئۆلىنى قازىدىغان قازمىلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ئەرەبلەردە بىر نەچچىلىگەن مەنىسى، ھەددى ھېسابسىز تەئۋىللىرىنىڭ بارلىقى ئېنىق.

بۇ مەسىلىلەردە ئۇلارنى باشقۇرۇپ يېتەكلەۋاتقىنى ئۇلارنىڭ ئازغۇنلارچە ھاۋايى ھەۋىسى، نىجىس غەرەزلىرىدىن باشقا نەرسە

ئەمەستۇر.[1]

## 2. ئابدۇللاھ جەكرالەۋي

ئۇ مەۋلەۋى (شەيخ) ئابدۇللاھ ئىبن ئابدۇللاھ جەكرالەۋى. (جەكرالىلىك مەنىسىدە) جەكرالە لاھۇرنى مەركەز قىلغان ھازىرقى پاكىستاننىڭ پەنجاب ئۆلكىسىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى بولۇپ ئابدۇللاھ **1830**. يىللىرى ئەتراپىدا بىلىملىك ۋە دىندار بىر ئائىلىدە جەكرالەدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى مەلۇم بىر تەرىقەت پېشۋاسىنىڭ مۇرىتى بولۇپ ئوغلى تۇغۇلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويۇپ، بۇ ئوغۇلنى تەرىقەت پېشۋاسىنىڭ قېشىغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىدۇ. تەرىقەت پېشۋاسى دادىنى تەبرىكلەپ، بالىغا دۇئا قىلىپ ئۇنىڭ ئىسمىنى «غۇلام نەبى» يەنى پەيغەمبەرنىڭ خىزمەتكارى ياكى پەيغەمبەرنىڭ قۇلى، پەيغەمبەرنىڭ بەندىسى دېگەن مەنىدىكى ئىسمىنى قويۇپ بېرىدۇ. قىزىق يېرى، پەيغەمبەرنىڭ قۇلى دەپ ئاتالغان بۇ ئادەم ـ ئاللاھنىڭ غەيرىگە قۇل بولغان بولۇشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تەلەپ قىلىمىز ـ پەيغەمبەرگە ۋە ئۇ كىشىنىڭ سۈننىتىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىدىغان، دۈشمەنىگە ئايلانغان. پەيغەمبەرنىڭ ئىتائىتىدىن باش تارتىپ، ئۇ زاتنىڭ سۈننىتىنى ئىنكار قىلغۇچىلار تىزىملىكىنىڭ ئەڭ بېشىدا يەر ئالغان بولۇشىدۇر.

﴿ ...ۚ وَٱللَّهُ غَالِبٌ عَلَىٰٓ أَمۡرِهِۦ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٢١ ﴾

**يوسف:** ٢١ تەرجىمىسى:« ... ئاللاھ ئۆز ئەمرىگە غالىپتۇر ، لېكىن

---

[1] سەييىد ئەھمەدخاننىڭ ھاياتى، پىكىرلىرى، ئىش ئىزلىرى ھەققىدە دوكتۇر مۇھەممەد بەھىينىڭ «ھازىرقى زامان ئىسلام ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ غەربىپ مۇستەملىكىچىللىرى بىلەن بولغان باغلىنىشى» دېگەن كىتاۋى ۋە دوكتۇر خادىم ھۇسەيىن ئىلاھىي بەخشىنىڭ «قۇرئانچىلار» دېگەن كىتاپلىرىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

كۆپچىلىك ئىنسانلار بۇنى بىلمەيدۇ. »
[سۇرە يۇسۇف 21 . ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئابدۇللاھ جەكرالەۋى ئۆزىنىڭ ئوقۇشىنى يەرلىك مەكتەپلەردە باشلىغان بولۇپ، بۇيەردىكى ئۇقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن ھەدىس شەرىپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ھىندىستان پايتەختى دېھلى شەھىرىگە قاراپ يولغا چىققان. بۇ دېھلىدىكى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن ھەدىس ئۆگىتىش ۋە باشقىلارغا تەلىم بېرىش قابىلىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن جەكرالەۋى ئوقۇتقۇچى، مۇدەررىس سۈپىتىدە دېھلىدىن قايتىپ كەلگەن. ئارقىدىن ئۆزى ئۆگەنگەن، ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان ھەدىسشۇناسلىق ئىلمى تېمىسىدا قەلەمكەشلىك ۋە يېزىقچىلىق ساھەسىگە كىرگەن. ھەدىس ئۆگۈتۈش، يېزىقچىلىق قىلىش، باشقىلار بىلەن مۇنازىرلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى ئۇزۇن ۋاقتىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنىڭ خىزمىتى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن.

## ئۇنىڭ قايمۇقۇشىنىڭ باشلىنىشى :

ئابدۇللاھ جەكرالەۋى ھەدىس خىزمىتى بىلەن شوغۇللىنىش جەريانىدا ھەدىس شەرىپىنىڭ بىر قىسىم مۇتەشابىھاتلىرىدىن بەزىبىر مەسىلىلەر بىلەن ئىدىيە جەھەتتە توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى ئەقىيدىسىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. ئۇ بۇ يېڭى ئەقىدىنىڭ شوئارىنى مۇنۇ سۆزى ئارقىلىق ئېلان قىلىدۇ: «بۇ قۇرئان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن مۇھەممەدئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىنغان بىردىنبىر نەرسىدۇر. ئۇندىن باشقا ھەدىس مەسىلىسگە كەلگىنىمىزدە ئۇ ھېچقاچان ۋەھيي ئەمەستۇر» ئارقىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى

مەزھىپىنى تەھقىقلاش، شەرھىيلەش، دەۋەت قىلىش، قوللىغۇچىلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى ئابدۇللاھ جەكرالەۋى بىر شەيئىدىن ئۇنىڭ تەتۈرىسىگە، ياكى ھەدىسنى قوللىغۇچى دەۋەت قىلغۇچىدىن، ھىندىستاندىكى ئەھلى ھەدىس جامائىتىنىڭ پېشۋالىرىنىڭ بىرسىدىن ھەدىسنىڭ دۈشمىنىگە، ھەدىسكە تەنە قىلغۇچى، رەت قىلىشقا، ھېسابقا ئالماسلىققا دەۋەت قىلغۇچى ئادەمگە ئۆشتۈمتۈتلا، ياكى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ۋاقىت ئىچىدىلا يۆتكىلىپ قالغان ئەمەس. بەلكى بۇيۇك ئېھتىماللىق بىر بۆلۈك پىكىر ۋە خاتىرىلەر بۇ ئادەمنىڭ كاللىسىغا كېلىپ، بىر تالاي شۇبھىلەر ۋە ئاۋارچىلىقلار قايتا ــ قايتا ئۈچراپ، بۇنىڭ نەزىرىدىكى ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسىنى قالايمىقان قىلىپ، مۇشۇنداق ئەھۋاللار تولا ئۇچراپ ئاخىر ئۇنى ھەقنى توغرا تېپىشتىن قايمۇقتۇرىدۇ. ھەممىدىن ئاۋال ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاللاھنىڭ تەقدىرى غالىپ كېلىپ شەيتان ئازدۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆز تىزگىنىنى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە تاپشۇرىشى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەيران قالارلىق بولمىسىمۇ، ئۇنى ھەدىسنىڭ قوللىغۇچىسى دەپ بىلگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن تاسادىپىيلىق ھېسابلانغان مىنۇتلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار ئۇنىڭ ھەدىسكە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى، ھەممىدىن مۇھىمى ئاللاھنىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ، مۆئمىنلەرنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشىدۇ .

ئابدۇللاھ جەكرالەۋىينىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆشتۈمتۈت ياكى بىكاردىنلا مەيدانغا كېلىپ قالمىغانلىقىدىن ئىبارەت بىز كۆرۈپ ئۆتكەن بۇ ئەھۋال ئەمەلىي رېئاللىق ۋە ھادىسىلەرنىڭ لوگىكىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بىر مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ مەسىلىگە بىر ئىنساننىڭ ئىلگىرىكىنىڭ دەل ئەكسىچە قارايدىغان بىر ئىنسانغا

ئايلىنىپ قېلىشى جەريانىدا ئۇ ئىنسان قارشى تەرەپكە كەڭرى بىر كۆزنەكتىن ئەمەس بەلكى يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكەندىلا ئاندىن يېتىپ بارىدۇ.

## ئابدۇللاھ جەكرالەۋىنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن بولغان ئالاقىسى

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئادەم ئىسلامنىڭ قوللىغۇچىسى بولۇشتىن ئۆزگىرىپ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇشمىنىگە ئايلىنىش ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ نەزەرىنى ئۆزىگە تارتقان. يۇليورۇق بېرىپ يېتەكلەش ۋە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇشمەنلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاختۇرۇپ يۈرگەن ئىنگلىزلارنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بۇ ئادەمنى بوش قويمىغان. ئابدۇللاھ ئىنسانلارغا نىسبەتەن ناھايىتى تاسادىپىي تۇيۇلغان بۇ زور دەرىجىدىكى ئۆزگىرىشى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نەزەرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشلىنىپ، ئىنگلىزلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا كىرىشىپ كەتكەن.

ئابدۇللاھنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن ئەسلىدىنلا بار بولغان ئالاقىسى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسگە ۋە ئىسلامغا قارشى ھەرىكەت قىلىشىغا تۈرتكە بولغانمۇ؟، ياكى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئۆزگىرىشى ئىنگلىزلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانمۇ؟ بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ .

ھەيران قالارلىق يېرى بۇ ئادەمنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە بىر قىسىم كۆز قاراشلارنىڭ ئوخشاشماسلىقى،

بەزىلەرنىڭ بۇ مۇناسىۋەتنى ئىنكار قىلسا، يەنە بەزىلەرنىڭ بۇ مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلىنىشىدۇر. ئىنگلىزلارنىڭ ھىندىستاندا ئابدۇللاھ جەكرالەۋىيگە ئوخشاش يۈزلىگەن ئادەملەر ئارقىلىق يۈرگۈزگەن سىياستى ۋە يولى، بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئارقىسىدا ئىنگلىزلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئىنگلىزلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە يۈزلىنىشلىرىنى كۈنترول قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرستىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما بەزىلەر ئابدۇللاھنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلسا، يەنە بەزىلەر گۇمانلىنىدۇ. بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ تەييارلاش قولاي، يىسە سېڭىشلىك لوقمىسىغا ئايلانغان. يەنە بىر نۇقتىدىن ئۇ كىتابلىرى ۋە خىلمۇ ـ خىل ماتېرىياللىرىنى باستۇرۇش تارقىتىش ئۈچۈن كېتەرلىك بولغان پۇل ـ مال ۋە خىراجەتنىڭ «پايانسىز دېڭىزى» دا ئۈزۈپ يۈرەتتى...

ئابدۇللاھنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن ئالاقىسىنىڭ بار يوقلىقى ھەققىدە شەكلىنىش ۋە ئىنكار قىلىشلار ئابدۇللاھ جەكرالەۋىينى قوللايدىغان ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە ئېتىقاد قىلىدىغان، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىگە ئۆچلۈك قىلىش، ئىسلام ۋە ئىسلام ئەھلىنى دۈشمەن كۆرۈشتە ئۇنىڭ بىلەن بىر يولدا ماڭغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنداق بولۇشى ناھايىتى تەبىئى. بەلكى ئابدۇللاھنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ بۇ ئالاقىنى ئىنكار قىلىشىنىڭ ئۆزى بۇ ئالاقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ خۇددى بىزدىكى «خۇدۇكى بارنىڭ مودۇكى بار» دېگەندەك بىر مەسىلىدۇر.

ئابدۇللاھنىڭ بولۇمسىزلىقى ۋە زالالەتلىرىگە ئورتاقلاشقان قوللىغۇچىلارنىڭ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىن قاچۇرۇش، قوللىغۇچىلىرىنى چېچىۋېتىشكە يېتىپ ئاشىدىغان بۇ خىل ئالاقىنى

ئېتىراپ قىلىشنى كۆتكىلى بولامدۇ ؟!

شۇڭلاشقا بۇ ئالاقىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ بېشىدا ھەدىسنى ئىنكار قىلىش زالالىتىنى تەلىم ئالغان، ھىندىستاندىكى بۇ زالالەتكە قايىل بولغۇچى ھەر بىر ئازغۇننىڭ مىراسخورى بولغان، ھازىرغىچە پاكىستاندا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بۇ پاسكىنا تەرىقەتنى پاكىستانغا تارقىتىش جىنايىتىنىڭ ئەڭ چوڭىنى ئۈستىگە ئالغان غۇلام ئەھمەد پەرۋىزنى كۆرىمىز. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ زالالەتتىكى پېشۋاسى ئابدۇللاھ جەكرالەۋېيىنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مىرزا غۇلام ئەھمەد قادىيانىي ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تېرىغان ئۇرۇقلارنىڭ بىرسى ئىدى. قادىيانىيلار ئىنگلىزلارنىڭ چاقىرىقىنىڭ مۇنىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. ھالبۇكى بىز ئابدۇللاھنى نىيىتى ساغلام، ئۆز دەۋرىدە ئىسلامنىڭ بېشىغا كەلگەن خىلمۇ ـ خىل تەپرىقچىلىقلارنىڭ ئوتىدا پۇچۇلانغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.»

لېكىن مۇھەممەد ئەلىي قۇسۇرىغا ئوخشاش تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە قادىيانىييە ۋە جەكرالەۋىيەگە ئوخشاش ئىككىلا ھەرىكەتنىڭ ئارقىسىدا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قولى بار ئىكەن. بۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىر قىسىم ئىسلامىي شەخسلەرنى ئوۋلاپ، بۇلارنى ئىسلامغا قارشى بۇرمىلاش تورىغا چۈشۈردى. ۋە ئۇلارنى ھەدىس شەرىپنى، ھەدىس شەرىپكە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشى ئابدۇللاھ جەكرالەۋيدۇر. خىرىستىئانلار ئۇنى مۇشۇ خىزمەتنى ئۆتەش ئۈچۈن تاللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تامامىي ھەدىسنى ئىنكار قىلىپ جار سالدى. ۋە بۇ ۋەيران قىلغۇچ پىلانغا باشقىلارنى دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا خىرىستىيان

مىسسىئونېرلىرى تەرىپىدىن ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان، ئىقتىسادىي ياردەملەر بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدىغان ۋە بۇ زور تىرىشچانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدىغان ئالقىش خەتلىرى ئۇزۇلمەي كېلىشكە باشلىدى[①]

## ئابدۇللاھ جەكرالەۋىيگە قارشى ئۆلىمالارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى

ئابدۇللاھ جەكرالەۋي ئۆزىنىڭ ئىسلامغا قارشى ھەرىكىتىنى باشلاپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ «ئەھلۇززىكرى ۋەلقۇرئان» «زىكىر ۋە قۇرئان ئەھلى» ئىسىملىك بىر جامائەت تەشكىللىدى. ئۆزى مۇشۇ جامائەتكە باشچىلىق قىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنى رەت قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇ ئازغۇن يولىغا ۋە دىن، شەرىئەت ئەھكاملىرى مەسىلىسىدە «قۇرئان يېتەرلىكتۇر» دېگەن داۋراڭلىرىغا ئاكتىپچانلىق بىلەن دەۋەت قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بۇ ھەقتە خېلى كۆپ كىتابلارنى يازدى. ئۇنىڭ دەۋەت مەركىزى ـ ئەينى ۋاقىتتىمۇ، ھازىرمۇ ـ ئىلىم ۋە ئالىملارنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان لاھور شەھىرىدە ئىدى.

شۇڭلاشقا ئالىملار ئەتراپىتىكى ئىشلارنى دىققىتى بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ دەۋىتىنى ئوتتۇرغا قويغان ھامان ئالىملار ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىنى، ئازغۇنلۇقىنى ئېچىپ بېرىشكە ۋە ئۇنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىغا قارشى ماقالىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. ھەرقايسى ساھەدىكى، بارلىق مەسجىد مۇنبىرى ئۈستىدىكى ئالىملار ئۇنىڭغا قارشى پىكىردە

---

[①] قۇرئانچىلار دېگەن كىتاپنىڭ 31 ـ 32 ـ بەتلىرى

بىردەك ئورتاقلاشتى. بۇ جەھەتتە «ئىشائەتۇسۇننەھ» سۈننەتنى تارقىتىش ژۇرنىلى مۇھىم ۋە پائال رول ئوينىدى. بۇ ژۇرنال ئۇنىڭ ئازغۇن كۆز قاراشلىرىنى توپلاپ، ئەپتى ـ بەشرىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى كۇپۇر ۋە دىندىن چىقىرىدىغان نوقتىلارنى بايان قىلىپ، ھەمدە ئۇنى ئۆلىمالار ئالدىدا بەس مۇنازىرە بېساتىغا يېيىپ، بارلىق ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئۈندىدى. ۋە بۇنداق كۇپرى كۆز قاراشلارنى قوبۇل قىلغان ئادەم ھەققىدە شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمنى چىقىرىش، تامامىي ھەدىسنى ئىنكار قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان مۇشۇنداق پىكىرلەرنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن بىر ئادەمنىڭ مۆئمىن مۇسۇلمان بولىدىغان بولمايدىغانلىقى ھەققىدە پىكىرلىرى، كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا چاقىرىق قىلدى.

ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتىكى پەتىۋاسى «بۇنداق ئادەم ئىسلامدىن چىقىپ، كاپىر بولىدۇ» دىن ئىبارەت بولۇپ چىقتى. پۈتكۈل ھىندىستاندىكى ئالىملارنىڭ زور كۆپچىلىكى مۇشۇنداق پەتىۋا چىقاردى. ئارقىدىنلا يەنە «سۈننەت تارقىتىش» ژۇرنىلى ھىندىستاندىكى مەشھۇر دىنىي ئالىملارنىڭ ئابدۇللاھ جەكرالەۋي ھەققىدە: «ئۇ كاپىر، ئۇنىڭ ئىسلام بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، مۇسۇلمانلار جامائەتىدىن چىقىپ كەتكەن» دەپ ئېلان قىلغان نەچچە ئونلىغان ئىمزالىرىنى ھەم نەشر قىلدى.

لېكىن بۇ ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسگە كاپىر بولۇشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ زالالەتلىرى، ھەدىسنى رەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىققا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئازغۇنلۇقىنى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋەردى. ئاخىر **1914**. يىلىغا كەلگەندە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى كۆرەش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئۆزۈن بىر ئۆمۈردىن كېيىن ئەڭ ئادىل

ھېساۋاتچىنىڭ ئالدىغا كەتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلسۇن .

## 3. ئەھمەدئۇددىن ئەمرەتسەرى

خوجا ئەھمەدئۇددىن خوجا مىيان مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبراھىم ئەمرەتسەرى دىگەن بۇ ئادەم ئەمرەتسەر شەھىرىگە نىسبەتلىنىدىغان بولۇپ، ئەھمەد بۇ يۇرتتا 1861. يىلى تۇغۇلغان. ئەھمەد تۇغۇلغاندا دادىسى بۇ بالىنى شەيخنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغان. شەيخ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، دۇئا قىلىپ ئۇنىڭغا مۇشۇ ئىسمنى قويۇپ بەرگەن. ئەھمەد قۇرئانى كەرىم ئۆگىنىشنى باشلاپ، ئارقىدىن بىر قىسىم مۇدەررىس ئالىملارنىڭ قېشىدا دىنىي ئىلىملارنى ئۆگەنگەن. ئۇندىن كېيىن خىرىستىئان دىنى تارقىتىدىغان مىسسىئونېرلارنىڭ مەكتىپىگە كىرىپ، بۇ يەردە ناسارالارنىڭ مۇقەددەس كىتابى ۋە بىر قىسىم پەننى ئىلىملارنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھمەد بىلىم ـ مەرىپەت ئىگەللەشتە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تىرىشچانلىقىغا تايانغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىرىنچى ئورۇندا كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ كەلگەن ئىسلامىي ئىلىملارغا قوشۇپ تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئىقتىساد، لوگىكا، ماتېماتىكا... قاتارلىق ئىلىملارنى بىر قەدەر ياخشى ئىگەللىگەن. شۇنىڭدەك ئۇ ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، پارىسچە، ئوردۇچە تىللار ۋە بىر قىسىم يەرلىك شېۋىلەرنى ھەم بىلەتتى.

### ئۇنىڭ بۇرۇنقى قۇرئانچىلار بىلەن بولغان ئالاقىسى:

خوجا ئەھمەدۋىددىننىڭ ئىلگىرىكى ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى قۇرئانچىلارنىڭ پىكىرلىرى بىلەن زىچ ئالاقىسى بار ئىدى. ئەھمەد قۇرئانچىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، تىرىك بولغانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلاردىن ئۆگۈنۈپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان. بۇرۇنقى ئاتالمىش قۇرئانچىلار ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇسلۇبىنى لايىھىلەپ سىزىپ، ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە يولباشچى، يېتەكچى بولغان ئىدى. ئۇ سەييىد ئەھمەدخاندىن ھەدىس ئىنكار قىلىشنى ئۆگەنگەن بولسا، ئۇزلۇكسىز زىيارەتلىرى ئارقىلىق ئابدۇللاھ جەكرالەۋى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلغان.

ئەھمەتخان ئابدۇللاھدىن بەكرەك مەككار ئادەم بولۇپ ئۇ ئابدۇللاھقا ئۇزىنىڭ ھەدىسنى ئىنكار قىلىدىغانلىقنى، «قۇرئاندىن ئالدى» دەپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلار بىلمەيدىغان پەرز ۋە ئىبادەتلەرنى كەشىپ قىلىدىغانلىقنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويماسلىقنى تەۋسىيە قىلىپ تاپىلاپ تۇرىدىغان ئىدى. ئەنە شۇنىڭدەك ئەھمەدخاننىڭ مەشھۇر شائىر مۇھەممەد ئىقبال بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، مۇھەممەد ئىقبال بىلەن كۆپ باش قوشۇپ، بەس ـ مۇنازىرە يۈرگۈزۈپ تۇراتتى. مانا بۇ مۇھەممەد ئىقبال ھەققىدە: ئۇ قۇرئانچىلارنىڭ پىكرىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان، ھەدىس ئىنكار قىلىشتا ئۇلار تەرەپكە مايىل بولۇپ كەتكەن، دەيدىغان چۈشەنچىگە سايىسىنى تاشلىغان نەرسە ئىدى.

شۇنىڭدەك ئەھمەدۋىددىننىڭ قادىيانىيە دىيانىتىنىڭ ئىجادچىسى غۇلام ئەھمەد قادىيانىي بىلەنمۇ ئالاقىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ قادىيانىيە ئېقىمى ۋە باشقا ئازغۇن ئېقىملارنى ئۇنچە قاتتىق ئىنكار قىلمايلا قالماستىن بەلكى پىكىر ۋە ئەقىدە جەھەتتە پەرقلىق بولۇشىغا باقماي،

قادىيانىيلار ۋە باشقىلارنىڭ ھەر خىل پائالىيەت، يىغىلىش ۋە دەرسلىرىگە قاتنىشىپ تۇرىدىغانلىقى مەلۇم.

## ئەھمەدۇددىنىنىڭ ئۆز يولىغا دەۋەت قىلىشى:

خوجا ئەھمەدۇددىن ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى ئۆگىتىش ۋە يېزىقچىلىق بىلەن باشلىغان بولۇپ مۇلايىملىق ۋە جىمغۇرلۇق تۇسىگە ئىگە ئادەم ئىدى. كۆپ قىسىم ئادەملەرنى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاش ۋە دەرسىگە قاتنىشىشقا جەلىپ قىلغان نەرسىمۇ دەل موشۇ ئىدى. ئارقىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ مەخسۇس جامائىتىنى قۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، بۇ جامائەتنى مۇسۇلمان ئۇممىتى دەپ ئاتىدى. ئارقىدىنلا جامائەت نامىدىن سۆزلەيدىغان، پىكىر ۋە قاراشلىرىنى تارقىتىدىغان ژۇرنال چىقاردى. مانا بۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ئىغىر بېسىق ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئۇنىڭ جامائىتىگە قوشۇلۇشىغا سەۋەپ بولدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىدىغان نەرسىنى ئوچۇق ئاشكارا دېمەيدىغان بولۇشتىن سىرىت مۇلايىم، تىنىچ ئۇسلۇب، قايىل قىلىشقا بولغان قابىلىيەت، ئۇنىدىن باشقا ئۆزىنى نىقابلاشقا قابىل بولۇش، ۋە ئوچۇق - ئاشكارا قارىمۇ ـ قارشى كەلمەسلىكنى ياقىلاش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىدى. مانا بۇلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، مۇدەررىسلەر، سوتچىلار ۋە باشقا زىيالىيلار جامائىتىنىڭ ئۇنىڭ جامائىتىگە قوشۇلۇپ كېتىشىگە، يېزىقچىلىق تەھرىرلەش ۋە نەشر قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ باتىل پىكرىنى تارقىتىش ئۇچۇن ئاكتىپ بەدەل تۆلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ھەمدە بۇ ئامىللار خوجا ئەھمەدۇددىنىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ

تارقىلىشى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى مۇناسىپ كېلىمات بىلەن تەمىن ئەتكەندى. ئۇ مىلادى **1936**. يىلى ئىيۇن ئېيىدا ئۆلدى.

## 4. غۇلام ئەھمەد پەرۋىز :

بۇ ئادەم غۇلام ئەھمەد پەرۋىز ئىبنى پەزىلىددىن ئىبنى رەھىم بەخش. ئۇ مىلادى **1903**. يىلى ئىيۇل ئېيىدا پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ ھىندىستانغا تەۋە بۆلىكىدە دۇنياغا كەلگەن. دىنىي ئىلىملارنى بوۋىسىنىڭ قولىدا ئۆگەنگەن غۇلام ھۆكۈمەت مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، تولۇق ئوتتۇرىدىكى ئوقۇشىنى تاماملىماي تۇرۇپلا ھۆكۈمەت خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت ھاياتىنى نەشرىيات ئورنىدا ئىشلەپ ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئىشلەش داۋامىدا تەدرىجى ئۆسۈپ ئاخىرى مەتبەخانىنىڭ باشلىقى بولغان.

## غولام ئەھمەدنىڭ قۇرئانچىلارنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشى

غۇلام ئەھمەد پەرۋىزنىڭ قۇرئانچىلارنىڭ ئەقىدىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى دەسلەپتە ئەتراپتىكى ئاز سانلىقلار قوللاپ، كۆپ سانلىقلار قارشى تۇرىدىغان، زىيالىيلارنىڭ پاراڭ ئوبىكتى بولغان قۇرئانچىلارنىڭ قاراش ۋە پىكىرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئىدى. پەرۋىز كەبى ھوشيار ۋە پائالىيەتچان ئادەملەرگە بۇ تۈردىكى ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ مەخپىي قېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش

ئىدى. بۇ تۈرلۈك پىكىرلەر ئۇنىڭغا يا سەلبى يا ئىجابى بولسۇن مەشغۇل قىلماي ۋە تەسىر كۆرسەتمەي ئۆتۈشى ھەم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىسلام ئۇممىتىنى تەرك قىلىپ، ئىسلامدىن چىققان شۇ بىر ئۇچۇم ئادەملەر تەرىپىگە يۈزلىنىشى ئالاھىدە بىرخىل رىياللىق ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن. پۈتۈن ئىشنى بۇزغان نەرسە تۆۋەندىكى بۇ ۋەقەلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇ ھەقتە سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كۈنى تەپسىر كىتاۋىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئوقۇپ قالدىم: ﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ ءَاذَوۡاْ مُوسَىٰ فَبَرَّأَهُ ٱللَّهُ مِمَّا قَالُواْۚ وَكَانَ عِندَ ٱللَّهِ وَجِيهٗا ﴿٦٩﴾ ﴾ الأحزاب: ٦٩ تەرجىمىسى:«ئەي ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەر، سىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئازار بەرگەن كىشىلەردەك بولماڭلار. ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىدىن ئاقلىدى. مۇسا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا يۈزلۈك زات ئىدى.»[ئەھزاب سۈرىسى 69 ـ ئايەت] قۇرئان بەنى ئىسرائىلنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بويۇنتاۋلىق قىلىشى ۋە ئۆزىگە زۆرۈرىيىتى بولمىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ئازار بېرىشىنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلغان ئىدى. ئەمما مەن بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئەبى ھۇرەيرەنىڭ بىر ھەدىسىنى كۆردۈم. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە تىرمىزى كەلتۈرگەن بولۇپ ھەدىستە بەنى ئىسرائىلنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئاق كېسەل دەپ ئەيىپلىغانلىقى، تاشنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ قاچقانلىقى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تاشنى ھاسىسى بىلەن ئۇرغانلىقى قاتارلىق مەلۇماتلار بار ئىدى. يۈرىكىم لەرزىگە كەلدى.

مىنى تەپەككۇر ئورنۇالدى. شۇبھىلەر بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى.[1]

پەرۋىزنى كۆپ ئويلاندۇرغان مىنۇتلار مانا مۇشۇنداق باشلانغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى قۇرئانچىلارنىڭ پىكرىنى ياقىلايدىغانلار سېپىگە ئۆتۈشى باشتا مۇنبەر خۇتبىللىرى شەكلىدە، مەسچىت ئىچىدىكى دەرسلەر شەكلىدە مەيدانغا كەلدى. ئارقىدىن «طلوع اسلام» ئىسلامنىڭ سۇبھىسى دېگەن ژۇرنىلى ئۇنىڭ پىكرىنى تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ پىكىرلىرى يازغان ماقالىلىرى ۋە كۆپلىگەن يازمىلىرى ئارقىلىق، ھەدىس ئىنكار قىلىشتا ئەگەشكۈچىلەرنى كۆپەلەپ ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئاچقان ھەرىكەت كۈلۈبلىرى ئارقىلىق توختاۋسىز كېڭىيىپ باردى.

ئۇ بۇ كۇلۇبلارنى ئەينى چاغدىكى ژۇرنىلىغا باغلاپ (طلوع اسلام) ئىسلامنىڭ سۇبھىسى دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىپ، پىكىرلىرىنىڭ تارقىلىشىغا يېقىندىن ياردەم بەرگەن نەرسە ھىندىستاندىن مۇستەقىل بولغىنىدىن كېيىنكى يېڭى دۆلەت پاكىستانغا يۆتكەلگەنلىكى ئىدى.

پەرۋىز ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرى كۆپ بولغان كاراچى شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. كاراچىدا پەرۋىزنىڭ ئەگەشكۈچىللىرى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان پەرۋىزچىلەر كەنتى تا ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

ئەينى چاغدىكى شارائىت ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا تازا ماس ئىدى. چۈنكى بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ رەئىسى مۇھەممەد ئەلى

---

[1] قۇرئانچىلار دېگەن كىتابنىڭ **50** ـ **54** ـ بەتلىرىدىن نەقىل ئېلىندى.

جاناھنى[1] سىياسەت مەسىلىسى ئىسلامى مەسىلىلەرگە قاراشقا ۋاقىت چىقىرالماس قىلىپ قويغان. ئۇ ئىسلام ۋە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ زىيىنى بەدىلىگە تارقىلىشقا باشلىغان، بۆزغۇنچىلىق تۈسىدىكى ھەرىكەتلەرگە قاراشقا ھەم ۋاقىت چىقىرالمىغان ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا ئومۇمىي شەكىلدە قۇرئانچىلار ھەرىكىتى بولسا خۇسۇسىي شەكىلدە پەرۋىزچىلەر ھەرىكىتى بار ئىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، مۇستەقىللىق دەۋردە پاكىستان ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە ئەينى دەۋردىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى زەفەرۇللاھ خان باشچىلىقىدا مەلۇم ساندا قادىيانىيلار بار ئىدى. زەپەرۇللاھ خان ئىسلامغا قارشى تۇرۇپ قادىيانىيلارغا كېڭىيىش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. بەلكى ئۇ ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسى ئىسلامغا قارشى ھەرىكەتلەرنى

---

[1] مۇھەممەد ئەلى جەناھ مىلادى 1876 . يىلى كاراچىدا تۇغۇلۇپ 1948 . يىلى پاكىستان مۇستەقىل بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن ۋاپات بولغان. ئەنگلىيىدە ئوقۇپ ئادۋوكاتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئەنگلىيەدىن قايتىپ كېلىپ ھىندىستان قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. ئارقىدىن بۇ ئىشنى تاشلاپ «ئىسلامىي گەۋدە» ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ پائالىيەت قىلغان. پاكىستان مۇستەقىل بولغاندا بولسا پاكىستاننىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. لېكىن ئۇ سىياسەت بىلەن ئالدىراش بولۇپ ئۆز يۇرتىدا ئىسلام مەسىلىلىرىگە قارىيالمىغان. بۇ بىخەستەلىكنىڭ نۇرغۇن ئەكس تەسىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، پاكىستان بەلكى ئىسلام دىنى مۇشۇ مەزگىلنىڭ دەردىنى ھازىرغىچە تارتىپ كەلمەكتە. بۇ خەتەرلەرنىڭ بىرىنچىسى ئۇنىڭ مۇتەئەسسىپ قادىيانىيىەچى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇتەئەسسىپ قادىيانىييە مەزھەپچىسى زەپەرۇللاھ خاننى يېڭى قۇرۇلغان پاكىستان دۆلىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قوبۇل قىلىشى ئىدى. نەتىجىدە بۇ ئادەم قادىيانىييە ئېقىمىدىكىلەرنى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەپ، قادىيانىيلارنى پاكىستاندا مۇستەھكەم پۇت دەسسەيدىغان ئورۇن بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە يوقاپ كېتەي دەپ قالغان قادىيانىييە مەزھىپى دۇنيادىكى باشقا يۇرتلارغا تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭدەك بۇ خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنىڭ يەنە بىرى ئىسلامغا ۋە ھەدىسكە قارشى بولغان ئەنە شۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئېنىقىنى ئېيتقاندا پەرۋىزچىلەر ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىدى. پەرۋىزچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگىنى بۇ يۇرتتىكى مەسئۇللارنىڭ سەل قارىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك بۇ خەتەرلەر ئىچىدە ئەرەب تىلى مەسىلىسى بار ئىدى. ئەرەب تىلى پاكىستاندا مۇستەقىللىق دەۋرىگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تىل ئىدى. لېكىن ئاللاھنىڭ دۇشمەنلىرىنىڭ پىلانى ئاخىرقى ھېساپتا پاكىستاندىكى ئەرەب تىلىنىمۇ يوقاتتى .

خۇسۇسەن قۇرئانچىلارنى قوللىغان ئىدى.

ئەسلىدىلا ئىسلام ئۇستىگە قۇرۇلغان بىر ئەلدە بۇ قادىيانىي ئېقىمىدىكى بىر ئادەمنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى دۇشمەنلىكى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئۇنىڭ ئەسكىلىكىگە چىداپ بولالمىغان پاكىستان مۇسۇلمانلىرى بۇ ئادەمنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش ئۇچۇن ئۆلىمالارنىڭ يېتەكچىلىكىدە كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان، ئۇنى بۇ مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلاش ئىشى مۇسۇلمانلار ۋە ئۆلىمالىرىدىن نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ ئەمما بىر مۇسۇلمان دۆلىتىدىكى موھىم ئورنىدىن بۇ مۇتەئەسسىپ كاپىرنى بۇنچىلىك قان بەدىلىگە ئېلىۋېتىش ناھايىتى ئەرزانغا توختىغان سودا ھېساپلىنىدىغان ئىدى.

## غۇلام ئەھمەد پەرۋىزنىڭ كۆز قاراشلىرى ۋە ئالىملارنىڭ بۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسى

غۇلام ئەھمەد پەرۋىزنىڭ ئىسلامنى ۋەيران قىلىپ، ئاساسى تۇۋرۇكلىرىنى ئۆرۈش نىشانى ئاساسىدا قۇرۇپ چىققان قۇرئانچىلار ھەرىكىتىنىڭ نىشانى بىلەن تۇپتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆز قاراشلىرى بار ئىدى. بۇلار ئىسلام شەرىئەتشۇناسلىقىدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنى چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلامنى خاراپ قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ تۇپكى نىشانى قىلىدىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى قۇرئانچىلارنىڭ ھەرىكىتى: «قۇرئانى كەرىم بۇ دىننى پۈتۈن بۆلەك ۋە پارچە بۆلەكلىرى بىلەن، بارلىق ئومۇمىي ۋە تەپسىلىي

تەرەپلىرى بىلەن ئۆز ئىچىگە ئالغان» دېگەننى ئۆزىگە ئاساس قىلاتتى. مۇشۇ ئارقىلىق «يالغۇز قۇرئان كۇپايىدۇر» دېگەن سەپسەتىسىنى چۆرىدىگەن ئاساستا دىنىنىڭ ھۇلىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى.

پەرۋىزگە كەلسەك ئۇ سىياسەتنى ۋە سىياسەتچىلەرنى ئۆز تەرىپىگە تارتىش، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى پىلانلاپ، بۇ پىلان بويىچە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئۈچۈن ئۆز كۆز قاراشلىرىدا ئالاھىدە ئورۇن ئاجراتتى. ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى ئاساسەن «قۇرئانى كەرىم بۇ دىنىنىڭ ئومۇمى ۋە توپلام قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تەپسىلاتلارغا كەلگىنىمىزدە، بۇ شۇ يۈرتتىكى ھاكىمىيەت تەختىدە ئولتۈرغان رەھبەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان. رەھبەر قۇرئاندا ئىخچام بايان قىلىنغان ھۆكۈمنى تەپسىلى يىشىپ بايان قىلىش، شەرىئەتشۇناسلىقنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئىزاھلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مەۋجۇت شارائىتقا ماس دەپ قارىغان ئەھۋالدا ھالال دەپ قارىغىنى بويىچە ھالال قىلىش ۋە ھارام قىلىش ھوقۇقىمۇ رەھبەرگە مەنسۇپ بولىدۇ » دېگەننى ئۆزىنىڭ ئاساسى ئىدىيەسى قىلغان.

بۇ ئۇسۇل پۈتۈن ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ۋە مەسئۇللارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن (ۋە موقەررەر ئېرىشىدىغان ت) ئۇسۇل ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ پەرۋىز ۋە ئۇنىڭ جامائىتىنى ھىمايە قىلىدىغان قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ پۈتكۈل شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. نەتىجىدە پەرۋىز ئۆزىنىڭ زالالەتلىرىنى كەڭ دائىرىدە تارقىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنداق قىلىپ پەرۋىزچىلەر كۆرىنەرلىك دەرىجىدە پۈتكۈل پاكىستانغا، ھىندىستاننىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىگە، ھەمدە ھازىر پاكىستانلىقلار ئىشلەش ياكى

ئوقۇش ئۈچۈن كۆچۈپ بېرىۋاتقان بىر قىسىم ياۋروپا ئەللىرىگە قەدەر كېڭەيدى .

## ئۆلىمالارنىڭ پەرۋىز ۋە ئۇنىڭ تەشۋىقاتىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى

پەرۋىزنىڭ تەشۋىقاتى پاكىستاننىڭ ئىسلامي ساھەسىدە كېڭىيىپ خېلى كۆپ دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى . بۇ مۇسۇلمان ئەلنىڭ ئۆلىمالىرى پەرۋىزچىلەر ھەرىكىتىگە بۇرۇنقى ھەرىكەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ ، بۇ ھەرىكەتكە قارشى جىھاد قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئېلىشتى . ئۆلىمالار بۇ ھەرىكەتكە قارىتا ھەرىكەتنىڭ خەتىرىگە مۇناسىپ شەكىلدە كۆڭۈل بۆلۈشكەن ئىدى . جامائەتى ئىسلامىييەنىڭ رەئىسى ، پېشۋاسى ، ئىمام ، مۇجاھىد دەۋەتچى مەۋدۇدىي باشچىلىغىدىكى جامائەتى ئىسلامىييە بۇ ساھەدە ناھايىتى زور رول ئوينىدى .

1961 . يىلى پەرۋىزچىلەرنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرى ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتە پەتىۋا بېرىشىگە ، ئىسلامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا سۇنۇلدى .

پەرۋىزچىلەرنىڭ بۇ خىل ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ئادەمنىڭ ئىسلام بىلەن بولغان ئالاقىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرامدۇ ياكى ئىسلام ئۇنىڭدىن ، ئۇ ئىسلامدىن ئادا جۇدا بولامدۇ ؟ دىگەن مەسىلە ھەققىدە پەتىۋا بېرىلسە ، دېگەن مەزمۇندا سۇنۇلغان بۇ مەسىلىگە پەتىۋا بېرىش ۋەزىپىسىنى كاراچىدىكى ئەرەب ئىسلام مەكتىۋىنىڭ ئاساسلىق خادىملىرى ئۇستىگە ئالدى . پاكىستان ، ھىندىستان ، شام ،

ھىجاز قاتارلىق جايلاردىكى مىڭغا يېقىن ئالىم ـ ئۆلىما پەرۋىزچىلەرنىڭ كاپىر بولۇپ، ئىسلام رامكىسىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا بەردى[①].

## ھازىرقى زاماندىكى قۇرئانچىلار مەزھەپلىرى

يۇقىرىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى قۇرئانچىلار رەھبەرلىرىنىڭ مەشھۇرلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ ئادەملەر دۇنيادىن كېتىپ ئۇلارنىڭ داۋالىرى بۇ دەۋالار ئاساسىدا شەكىللەنگەن گۇرۇپپا ۋە مەزھەپلەر شەكلىدە ساقلىنىپ قالدى. ۋاقىت بۇ ھەرىكەتلەرگە ئۆزىگە خاس تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، بۇ پىكىر ۋە يوللار بىر ـ بىرى بىلەن چاگىلىشىپ، بىرى ـ بىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا، بىرى يەنە باشقا بىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە مەزھەپ پاكىستان ۋە ھىندىستاندا شۇنىڭدەك بىر قىسىم ياۋروپا ئەللىرىدە خۇسۇسەن ئوقۇش ياكى ئىشلەش ئۈچۈن ئەنگلىيىگە بارىدىغان، كۆپ قىسمى ئەنگلىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ھەمدە يەرلىشىپ كەتكەن پاكىستانلىق كىشلەر ئارقىلىق بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرى ئەنگلىيەگە قەدەر يېتىپ بېرىپ، بۇ ساھەلەردە ھازىرغىچە ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە. بىز تۆۋەندە بۇ ساھەدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ۋە ئۆزىگە خاس تەسىرگە ئىگە بولغان مەشھۇر مەزھەپلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

**1. ئۇممەت مۇسلىم ئەھلى زىكىر ۋە قۇرئان (قۇرئان ۋە**

---

[①] قۇرئانچىلار دىگەن كىتاپنىڭ **50** ـ **54** بەتلىرىگە قارالسۇن .

## زىكىر ئەھلى بولغان مۇسۇلمان ئۇممەت )

بۇ مەزھەب ئۆز ھەركىتىنى «مۇسۇلمان ئۇممىتى» دېگەن نام ئاستىدا قۇرۇپ چىققان ئابدۇللاھ جەكرالەۋىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئابدۇللاھ جەكرالەۋى بىلەن ئەمرەتسەرىيىنىڭ پىكرى ئاساسىدا تەشكىل قىلىنغان بۇ مەزھەپ ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئاجىزلاش ۋە يوقىلىشقا يۈز تۇتقان بولۇپ پائالىيەتلىرى نىسبەتەن ئاز، كونا ئەزا ھېسابلىنىدىغان ئەزالارغىلا قاراشلىق ھەم چەكلىك ھالەتكە ئۆتكەن .

بۇ مەزھەپنىڭ ئاللاھنىڭ دىنى تونۇمايدىغان كۇپرانە ئۇسلۇپتا ئىبادەت قىلىدىغان ئىبادەتخانىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىبادەتخانىلىرىنى ئۆزلىرىنى «بىز مۇسۇلمانمىز» دېگەن گېپىدە، ياكى باشقىلارنى ئەمەس «ئۆزلىرىنىلا مۇسۇلمان» دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇپ مەسچىت دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ بۇ خىل ئىبادەتخانىلىرى پاكىستاندىكى قىسمەن جايلاردا مەۋجۇت. بۇ ئىبادەتخانىلار كەڭرىرەك كەلگەن بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئورنىچىلىكلا كېلىدىغان بولۇپ ئۇلار بۇ ئىبادەتخانىلىرىدا جۇمە نامىزى ئوقۇيدۇ. ھەر كۈنى ئۆز ئەقىدىسى بويىچە ئۈچ ۋاق ناماز ئوقۇيدۇ. ھەر ۋاقىت ناماز ئىككى رەكئەت، ھەربىر رەكئەتتە بىرلا سەجدە بار. ئۇلار رۇكۇدىن باش كۆتەرمەيلا قالماستىن، بەلكى رۇكۇدىن بىۋاستىلا سەجدىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ مەزھەبنىڭ خەتىرى نىسبەتەن ئاز. ئەنە شۇنىڭدەك بۇ مەزھەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى «ئىسلامنىڭ سۈبھىسى» ھەركىتىگە ئوخشاش باشقا ھەركەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

## 2. (طلوع اسلام) ئىسلامنىڭ سۇبھى

بۇ ھەرىكەتنى غۇلام ئەھمەد پەرۋىز ھىندىستاندىكى ۋاقتىدا قۇرۇپ چىققان بولۇپ ئارقىدىن پاكىستانغا كۆچكەن ۋاقتىدا بىللە پاكىستانغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ چىققان. بۇ ھەرىكەت مۇتلەق شەكىلدە قۇرئانچىلار يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ھەرىكىتى ئىچىدىكى بىر قەدەر ئاكتىپ، بىر قەدەر كۈچلۈك ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى. شۇنداقلا ئەگەشكۈچىلىرى ھەم بىرقەدەر كۆپ بولغان ھەرىكەت. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى كۆپەيتكەن ئامىل بۇ ھەرىكەتنىڭ ئابدۇللاھ جەكرالەۋىي قۇرۇپ چىققان «زىكىر ۋە قۇرئان ئەھلى» مەزھىبىگە ئوخشاش ئاجىزلاپ كەتكەن ياكى يوقالغان باشقا ئېقىم ۋە مەزھەپلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ نۇرغۇنىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقىدىدۇر.

بۇ مەزھەپنىڭ «ئىسلامنىڭ سۇبھىسى» دىن ئىبارەت داڭلىق ژۇرنىلى بار بولۇپ، بۇ مەزھەپ شۇ ژۇرنال نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ مەزھەپنىڭ ۋەقپىللىرى ھەم پاكىستان ئىسلامىي ساھەسىدە مەلۇم تۇردە تەسىرگە ئىگە. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر تەرىپى شۇكى، بىز پاكىستاندىكى ۋاقتىمىزدا ئۇلارنىڭ نامىنى ئاڭلىدۇق. ــ بۇ مەن ئىسلامئاباد خەلقارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى ــ بىز بىر قىسىم كەسپداشلار بىلەن بىللە بۇلار بىلەن ئۇچرۇشۇپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىش توغرىسىدا ئىزدەندۇق. بۇ ئىش باشتا ئىسلامئابادقا يېقىن بولغان راۋالپىندى شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئارقىدىن بىز يەنە ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلمىغان كۆرۈشۈشلەرنى كاراچى شەھىرىدە ئېلىپ باردۇق. كۆردۇقكى

ئۆلارنىڭ پىكىرلىرى يوقىلاتتى، ئىسلامغا بولغان تونۇشى ناھايىتى تۆۋەن، ھەقىقەت تېپىشقا بولغان قىزىقىشى يوق دېيەرلىك ئىدى. بايقىشىمىزچە، ئۇلار ئۆزلىرى ئىچىگە شۇڭغىغان زالالەتكە ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن قۇتۇلۇش، شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن قېچىش ئىستىكىدە ۋە ھېچبىر چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان ھالدا شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇش ئىستىكىدە مەھكەم يېپىشقان ئىكەن. ھەقىقىي ئىسلام ئەمەس بەلكى پەرۋىزنىڭ پىكىرلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇشنى كاپالەت بىلەن تەمىنلىگەن ئىكەن. بۇ ئارقىلىق بىز: نىمە ئۈچۈن بۇلارنىڭ ئارىسىدا ياش ئەر ئاياللاردىن تەركىپ تاپقان ئەگەشكۈچىلەر كۆپ بولىدۇ ؟ نىمە ئۈچۈن غەرىپ خىرىستىيان مەدىنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان زىيالىي ئەگەشكۈچىلەر كۆپ ؟! دېگەندەك سوئاللارغا ئېنىق جاۋاپ تاپقان بولدۇق.

## 3. تحريك تعمير إنسانيت (ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيلىك ھەرىكىتى)

بۇ ھەرىكەت ناھايىتى يېڭى بىر ھەرىكەت بولۇپ، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى يىتەكچىلەردىن بىرەرسىگە تەۋە بولماستىن بەلكى ئىلگىرىكى ھەدىس ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ پىكىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، بولۇپمۇ پەرۋىزنىڭ پىكىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر پۇلدار ئاقسۆڭەككە تەۋە ھەرىكەت بولۇپ ھەرىكەتنىڭ نىمە ئۈچۈن پائالىيەتچان پەرۋىزچىلەر ھەرىكىتىگە قوشۇلۇپ كەتمىگەنلىكىنى، بۇ ئاقسۆڭەكنىڭ پەرۋىزچىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىن ياقتۇرمايدىغان ياكى ئەيىبلەيدىغان يېرى بولغانلىقى

ئۈچۈنمۇ، ياكى نام شۆھرەت ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە قىزىققانلىقى ئۈچۈنمۇ، ـ ھامىنى پۇل خەجلىگەندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ داڭقىنى چىقىرىش ئۈچۈن خەجلىگەننىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن خەجلىسۇن دېگەنلىكىدىنمۇ ـ بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ. بۇ يەردىكى ئاقسۆڭەك باي ئابدۇخالىق مالەۋادە بولۇپ، ئۇ مۇشۇ مەزھەپنى قۇرۇپ، باشچىلىق قىلىپ، ھەم ئۇنىڭغا ئۆز ئىقتىسادىدىن خىراجەت سەرىپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. دۇنياغا كەلگىنىگە تېخى يىگىرمە يىلچە ۋاقىت ئۆتكەن بۇ مەزھەپ بىر يېڭى مەزھەپ بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىگە كاپىر بولۇپ، ئىسلامدىن مۇرتەد بولغۇچىلار ساھەسىدە ئۆزىگە ئورۇن تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق[1].

[1] **1981**. يىلدىن **1985**. يىلغىچە ئارىلىقتا ئىسلامئاباد خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە پاكىستانغا بېرىشىمغا توغرا كەلدى. مەككە مۇكەررەمەدىكى ئوممۇلقۇرا ئۇنىۋىرسىتىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن بۇ يەرگە ياردەمچىلىككە يوللانغان ئىدىم. مەن مەكتەپتىكى خىزمىتىمنىڭ پاكىستاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەرقايسى مەزھەپلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا مۇۋاپىق پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بىر قېتىم بەرىيلەۋىيلەر بىلەن دىيۇبەندىيلەردىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپ ئارىسىدا مەسچىتلەرنىڭ بىرىدە بىر قانلىق ئۇرۇشۇش ۋەقەسى يۈز بەردى. مانا بۇ مېنىڭ ۋە بىر قىسىم سەپداشلىرىمنىڭ بىز ئىرادە قىلغان بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈشكە بولغان ئىرادىمىزنى كۈچەيتتى. بىز ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتتا بىز بىلەن بىللە خىزمەت قىلىۋاتقان پاكىستانلىق ئۇستازلارنىڭ ياردىمىدە بۇ مەزھەپلەرنىڭ مۇھىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان بىر پروگراممىنى تەييارلاپ چىقتۇق. بىز بەرىيلەۋىيلەرنىڭ چوڭى پىر ئابدۇددائىم بىلەن ھارىيپور شەھىرىدە مۇنازىرىلىشىپ ئۆتتۇق.

شۇنىڭدەك ئىسلامئاباتتا ۋە راۋالپىندىدە بۇ مەزھەپنىڭ رەھبەرلىرى  بىلەن كۆرۈشتۇق.

دىيۇبەندىيلەر بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق، دىيۇبەندىيلەر بەرىلەۋىيلارنى ئىسلامدىن مۇرتەد بولغان، كاپىر دەپ ئەيىبلەيتتى ۋە بۇ سۆزىدە ھەقلىق ئىدى. ئارقىدىن پەرۋىزچىلەر دېيىلسە ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھەدىس ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ نۆۋىتى كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈشىمىزگە كاراچى ئىسلام تەتقىقات ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرۇپ چىققان ئابدۇلجەۋۋاد خەلەف زور ھەمدەمدە بولدى. ئۇ كىشى بىزنى جەلشىن ئىقبال رايونىدىكى ئۆيىدە كۈتۈۋالغان ۋە ناھايىتى زېرەكلىك، ھېرىسمەنلىك بىلەن شۇ كۆرۈشۈشلەرنى

مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى مەزھەبلەرنىڭ باشچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەشھۇر دەۋەتچىلىرى ھەققىدە، ئىگىلىرىنى ئىسلامدىن ياندۇرغان ، كاپىر مۇرتەد قىلىدىغان ئەشۇ ئازغۇن كۇپرى دەۋەت مەسىلىسىنى كونتىرۇل قىلىپ كېلىۋاتقان، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قۇرئانچىلار دەپ ئاتىغان مەشھۇر مەزھەپلەر ھەققىدىكى قىسقىچە چۈشەنچە.

بىز ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ بولغىنىمىزدىن كېيىن ئەمدى ئۇلارنىڭ شۈبھىلىرىنىڭ بايانىغا ئۆتىمىز. شۈبھىلەرنى بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن ئاللاھنىڭ ياردەم ۋە تەۋپىقى بىلەن بۇ شۈبھىلەرگە بىر ـ بىرلەپ رەددىيە بېرىشنى باشلايمىز.

## قۇرئانچىلارنىڭ شۈبھىلىرى ۋە رەددىيە

يالغاندىن ئۆزىگە قۇرئانچىلار دەپ ئىسىم قويىۋالغان بۇ مەزھەپنىڭ ھەددى ـ ھېساپسىز خاتالىق ۋە نادانلىقلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ خاتالىق ۋە جاھالەتلەرنى رەسۇلىمىزنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرىگە قارشى شۈبھىلەر دەپ ئويلاپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ شۈبھىلەرنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرىنى تەرىك قىلىش، سەل قاراش، تاشلاپ قويۇشنىڭ، شەرىئەت مەنبەلىرىدىن بىر مەنبە سۈپىتىدە قوبۇل قىلماسلىقنىڭ، ئىسلام شەرىئەتشۇناسلىقى ئۈچۈن بىردىنبىر مەنبە سۈپىتىدە قۇرئانى كەرىمگىلا قاراشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ

---

تەشكىللىگەنىدى. ئۇ چاغدا بىز ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلار ھەققىدىكى بۇ كىتابتا شۇ كۆرۈشۈشلەرنىڭ يەكۈنى ۋە مەلۇماتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزنى ئاللاھنىڭ ئىرادە قىلغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتۇق.

دەلىللىرىدۇر دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. بىز ئاللاھنىڭ تەۋپىقى بىلەن ئۇلارنىڭ شۇبھىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ يالغانلىقى، خاتالىقى، باتىللىقىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ رەددىيە بېرىمىز.

## بىرىنچى شۇبھە:

ئۇلار: «قۇرئانى كەرىم دىنغا ئائىت مەسىلىلەر ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشتا كۇپايىدۇر. قۇرئانى كەرىم ئومۇمىي دىننى توپلام ۋە تەپسىلى، ئومۇمىيۇزلۇك ۋە پارچە شەكىلدە ئۆز ئىچىگە ئالغان. قۇرئانى كەرىم شەرىئەتشۇناسلىق ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىنى پۈتۈن تەپسىلاتلىرى بىلەن ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھېچ نەرسىنى تەرىك قىلمىغان ۋە ھېچ نەرسىگە سەل قارىغان ئەمەس. شۇ سەۋەپتىن قۇرئان كۇپايىدۇر. بۇ يەردە ئىككىنچى بىر قانۇن چىقىرىش مەنبەسىگە بولۇپمۇ ھەدىسكە ئېھتىياج يوق، ئۇنىڭغا ئورۇن يوق دېيىشىدۇ.
ئۇلار بۇ شۇبھىلىرىگە قۇرئانى كەرىمدىن دەلىللەر دەپ بىر بۆلۈك دەلىللەرنى كەلتۈرۈشىدۇ. جۈملىدىن ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى:

﴿ ... مَّا فَرَّطْنَا فِي ٱلْكِتَٰبِ مِن شَيْءٍۚ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يُحْشَرُونَ ۝٣٨ ﴾

**الأنعام: ٣٨** تەرجىمىسى:«بىز بۇ كىتابتا ھېچ شەيئىنى چالا قويمىدۇق» [سۈرە ئەنئام **38** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئۇلار يەنە ئاللاھتالانىڭ قۇرئانى كەرىمنى سۈپەتلىگەن مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىشىدۇ: ﴿ مَا كَانَ حَدِيثًا يُفْتَرَىٰ وَلَٰكِن تَصْدِيقَ ٱلَّذِى بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ كُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ۝١١١ ﴾

**يوسف: ١١١** تەرجىمىسى: «بۇ قۇرئانى كەرىم ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان سۆز ئەمەستۇر. لېكىن ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ تەستىقى ۋە ھەر شەيئىنىڭ تەپسىلاتىدۇر. (بۇ قۇرئان) ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر» [سۇر يۇسۇف **111** ـ ئايەت]

ئۇلار شۇنىڭدەك يەنە ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئاشكارا، رۇشەن دەپ سۈپەتلىگەن ئايەتلىرىنى دەلىل قىلىشىدۇ، مەسىلەن: ﴿إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ وَقُرۡءَانٞ مُّبِينٞ ۝٦٩﴾ **يس: ٦٩** تەرجىمىسى:«بۇ قۇرئان پەقەت زىكرىدۇر ۋە روشەن ئايەتلەردۇر»[سۇرە ياسىن **69** ـ ئايەت]. ئۇلارنىڭ بۇ ئايەتلەرنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈشتىكى ئاساسى بولسا بىرىنچى ئايەتتە ئاللاھ قۇرئانى كەرىمدە ھەر شەيئىنى بايان قىلغانلىقى، بۇ كىتابتا ھېچ شەيئىگە سەل قارىمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئاللاھ چوڭ كىچىك ھېچنەرسىنى، دىن ئىشلىرىدىن ھېچبىر ئىشنى، ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ئىنسانلارغا كېرەكلىك مەيلى ئەقىدىلەر، ياكى ئىبادەت ۋە ياكى مۇئامىلىدە بولسۇن ھېچبىر ھۆكۈمنى قۇرئانى كەرىمدە بايان قىلماستىن تاشلاپ قويمىغان. ئەھۋال بۇ ئىكەن، قۇرئاندىن باشقا مەنبەنىڭ بىزگە نىمە لازىمى؟! ھېچ نەرسىنى تەرىك قىلمىغان، چالا قالدۇرۇپ قويمىغان قۇرئانى كەرىمگە (ھەدىستىن ئىبارەت) باشقا بىر مەنبەنى قوشماق ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە شەرىئەتتە بولمىغان نەرسىنى قوشقىنىمىزدىن، ئاللاھ ئۆز كىتابىدا چۈشۈرگەن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئاللاھتىن غەيرىنىڭ ئىچىدىن چىققان بىر شەرىئەت بىلەن ئارىلاشتۇرغىنىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ باتىل ۋە خاتادۇر . ئۇنىڭ خاتالىقى ھەربىر شەيئىنى تەپسىلىي بايان قىلغان، ھەربىر شەيئىنى تولۇق ئىگەللىگەن ئاللاھنىڭ كىتابىدىن باشقىغا تايانغانلىقتىن كېلىپ چىققاندۇر. قۇرئانى كەرىمنىڭ ھەر شەيئىنىڭ تەپسىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى «ھەر بىر شەيئىنىڭ تەپسىلاتىدۇر» دەپ سۈپەتلىگەن سۇرە يۇسۇفنىڭ خاتىمىسىدىن ئاياندۇر. سۇرە يۇسۇفتە

ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى «ھەر بىر شەيئىنىڭ تەپسىلاتىدۇر» دەپ سۈپەتلىدى. قۇرئانى كەرىم ھەر بىر شەيئىنى تەپسىلىي بايان قىلغۇچى بولسا، بىزگە ھەدىسنىڭ نىمە لازىمى؟ ئۇنىڭ بىزگە نىمە پايدىسى؟!... شۇنىڭدەك قۇرئانى كەرىمنى «رۇشەن» ئايەتلەر، قۇرئانى كەرىم ئايەتلىرىنى «ئوچۇق ئاشكارا ئايەتلەر» دەپ سۈپەتلىگەن ئايەتلەر «ھەدىس قۇرئاننىڭ ئىزاھلىغۇچىسى ۋە تەپسىلى چۈشەندۈرگۈچىسىدۇر» دەيدىغانلارنىڭ يولىنى ئېتىدۇ. بۇ قۇرئان ئۆزىنىڭ كەسكىن ئايەتلىرىدە ئۆزى ھەققىدە: ئۆزىنىڭ ھەر شەيئىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى، ھەر شەيئىنى تەپسىلى بايان قىلغانلىقىنى، ھەر شەيئىنى رۇشەن بايان قىلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەدىسنىڭ شەرىئەتشۇناسلىقتا ھېچقانداق ئورنىنىڭ يوق ئىكەنلىكى، قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش، تەپسىلىي بايان قىلىش ياكى ئىزاھلىشى ئۈچۈن ھېچبىر ئېھتىياج يوق ئىكەنلىكى تولۇق ئايدىڭ بولىدۇ.

## بۇ شۇبھەگە رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى:

بۇ شۇبھىگە قايىل بولۇش بۇ شۇبھىگە قايىل بولغۇچىنىڭ قۇرئانى كەرىمنى مۇتلەق بىلمەيدىغانلىقى، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى پەقەتلا چۈشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ. شۇنداقلا يەنە بۇ سۆزنى دېگۈچىلەردىكى يامان نىيەتنى ھەم كۆرستىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇممەت شۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەنكى، بۇ بۈيۈك قۇرئاندا ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن مەسىلە ۋە ئەھكاملىرى ئومۇمىي، يەنە بەزى تەرەپلىرى بولسا تەپسىلىي شەكىلدە بار. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرى مەيدانغا كېلىپ ئومۇمىي بايان قىلىنغانلىرىنى تەپسىلى يېشىپ چۈشەندۈرگەن، ئىزاھلىغان ۋە ئېنىق بايان قىلغان. قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاپ، يېشىپ بايان قىلغان پەيغەمبىرىمىز، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا

قىلىپ، ئىنسانلار ئۇچۇن چۈشۈرۈلگەن قۇرئانى كەرىمنى ئۇلارغاچۈشەندۈرۈش ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان ۋە ئۆزلەشتۈرگەن : ﴿ وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٤٤﴾ ﴾ **النحل: ٤٤** تەرجىمىسى: «بىز سىزگە بۇ ئەسلەتمە بولغان قۇرئانى كەرىمنى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى (قۇرئاننى) بايان قىلىپ بېرىشىڭىز، ۋە ئۇلار پىكىر يۈرگۈزسۇن ئۈچۈن نازىل قىلدۇق»[ نەھل سۈرىسى **44** ـ ئايەت]

بۇ قۇرئانى كەرىم دىنغا ئائىت مەسىلىلەرنى، شەرئى ئەھكاملارنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمدى شەرىئەتنىڭ تەپسىلاتى ۋە ئىنچىكە بۆلەكلىرىگە كەلسەك، قۇرئانى كەرىم ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تەپسىلىي بايان قىلغان بولسا، كۆپ قىسمىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. قۇرئان كەرىمدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ كەلگەن ئايەتلەر ئاللاھنىڭ ئۆز رەسۇلىنىڭ بۇ ئومۇملاشتۇرۇلغان ئەھكاملارنى چۈشەندۈرۈش ۋە بايان قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇشنى تەقەززا قىلغان ھىكمەتتىگە بىنائەن مەيدانغا كەلگەن. مانا بۇ ئىسلام رىئاللىقىنىڭ ھۆلى شۇنداقلا ئىسلام ئۇممىتى بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. بۇ نۇقتىدىن بۇنىڭدىن غەيرى پىكىرلەر ياكى بۇنىڭغا قارشى تۇرغان كىشىلەرنىڭ گېپىنىڭ ھېچقانداق ئېتىۋارى يوق. چۈنكى ئۇممەت بىرلىككە كەلگەن يۇقىرىقى مەسىلىگە قارشى تۇرۇش ئوچۇق خاتالىق ۋە كاتتا بوھتاندۇر. ئەگەر بۇ شۇبھە ئىگىلىرى قۇرئانى كەرىم ھەر شەيئىنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ، دىنىمىزدىكى چوڭ كىچىك ھەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېسە، بۇ ھالدا بىز ئۇلار بىلەن بىرلىكتە دىنىنىڭ ئاساسى بولغان نامازغا بىر قاراپ باقايلى: قۇرئان كەرىمدە نامازنىڭ قانچە ۋاقىت ئىكەنلىكى، ھەربىر نامازنىڭ

باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى، ھەر نامازنىڭ رەكەتلىرىنىڭ سانى، ھەر بىر رەكئەت نامازدىكى سەجدىلەر ۋە ئۇنىڭ شەكلى، سەجدىلەرنىڭ ئاساسلىرى، نامازدا قىرائەت قىلىنىدىغان ئايەتلەر، نامازنىڭ ۋاجىب، سۈننەتلىرى، نامازنى بۇزغۇچى ئامىللار ۋە نامازنىڭ بەرپا بولۇشى ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان باشقا ئەمەللەر بارمۇ ؟!

بۇ سوئالنى ئىسلامدىكى بارلىق ئىبادەت ئەھكاملىرى ھەققىدە سوراشقا بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ناماز، زاكات، رامزان، ھەجگە بۇيرۇق كەلگەن. قۇرئان كەرىمدىن زاكات چىقىرىلىدىغان ئىقتىساد تۈرلىرى، ھەر بىر تۈرنىڭ مىقدارى قەيەردە بار؟!.

رامىزاننىڭ ئەھكاملىرىنى قەيەردە، ھەج پائالىيەتلىرى قەيەردە بار؟!

ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈش ۋە بايانىنى، ھېچقاچان نەپس ـ خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدىغان پەيغەمبىرىگە تاپشۇرغان. پەيغەمبىرىمىز: «سىلەر مېنىڭ قانداق ناماز ئوقۇغىنىمنى كۆرسەڭلار شۇنداق ناماز ئوقۇڭلار» دېگەنلىكى، «قۇرئان كەرىمدە كۆرگىنىڭلار بويىچە ئوقۇڭلار » دېمىگەنلىكى قۇرئانى كەرىمدە بۇ ئەھكاملارنىڭ تەپسىلاتى ۋە بايانى بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئەھكاملارنىڭ تەپسىلاتى ۋە بايانىنى رەسۇلۇللاھقا قالدۇرۇشتىكى ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىرىنىڭ بىرى: ئەھكاملارنىڭ تەپسىلى چۈشەنچىسى، ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ بايانى، ئىنچىكە تەرەپلىرىنىڭ ئىزاھاتى ئەمەلىي ئۇسلۇبتا كۆرسىتىپ قىلىنسا، تېخىمۇ ئۈيغۇن ۋە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىدۇر. ئەگەر ئەھكاملارنىڭ نەزەرىيە شەكلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان تەقدىردە يەنىلا ئەمەلىي ۋە رېئال بىر ئىزاھلاشقا ئېھتىياج چۈشكەن بولاتتى.

قۇرئاننى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمەلى ئۆرنەك سۈپىتىدە تەتبىقلاپ

كۆرستىشكە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئارقىسىدىكى يەنە بىر ھېكمەت بەلكىم رەسۇلىمىزغىلا مەنسۇپ بولغان، باشقىلار ئورتاقلىشالمايدىغان ئالى نوپۇز، رەسۇلىمىزغىلا تەئەللۇق بولغان ئۇ زاتتىن باشقىسى يېتەلمەيدىغان يۈكسەك ۋە ئۇلۇغۋار مەرتىۋىنى بايان قىلىش بولسا كېرەك.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ نوپۇزىنى ئىنسانلارغا ئۇقتۇرۇش ئەھكاملارنىڭ چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھاتىنى رەسۇلۇللاھقا تاپشۇرۇش ئارقىلىق بولغان. چۈنكى ھەر نەرسە قۇرئاندا بىرمۇ ـ بىر تەپسىلىي بايان قىلىنىپ ئىزاھلانغان بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ باشقا ئاددىي ئىنسانلارغا ئوخشاش، ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان تەييار نەرسىنى تەتبىقلىغۇچى بولغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كاتتا خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ھۆرمىتىنىڭ يۈكسەكلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھقا ھۆكۈملەرنى تەپسىلىي ئىزاھلاش ۋە قۇرئانى كەرىمنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان ئايەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى بەرگەن. بۇ تاسادىپىي ئۇدۇل كىلىپ قېلىش بولماستىن بەلكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ھېكمەتلەر ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.

بۇ شۇبھىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەملەر نۇرغۇن تەرەپتىن خاتالىق سادىر قىلغان. بۇ خاتالىقلار، ئالدى بىلەن ئۇلار تېمىنى بىر پۈتۈن قۇرئانى كەرىم رامكىسى ئىچىدە چۈشىنىش ئۈچۈن ئىزدەنمەستىن بەلكى بىر ياكى بىر نەچچە ئايەتنى تۇتۇپلا پۈتۈن سۆزىنى شۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈپ بۇزۇق مەزھىبىنى شۇ ئايەت ئۈستىگە قۇرۇپ چىققان. قۇرئانى كەرىمنى ئىچىدىكى بۇ تېما بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىقى بار پۈتۈن روشەن ئايەتلەر بىلەن قوشۇپ تەرك قىلىشقان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇلار ئۆزلىرى تاللىغان بۇ ئايەتلەرگە

ئەسلىدە ئېھتىماللىقى بولمىغان مەنىلەرنى يۈكلەپ، ئايەتنىڭ مەنىلىرىنى ئايەتلەر سۆزلىگىنى بويىچە ئەمەس ئۆزلىرى كۆزلىگىنى بويىچە خاتا يۆنىلىشكە قاراپ تارتىپ ماڭغان. ئالىملار ئۇياقتا تۇرسۇن ئاۋام خەلقمۇ بىلىدىغان ئاددىي ئۇقۇملارنىڭ بىرى شۇكى «قۇرئانى كەرىم ئايەتلىرى بىرسى بىرسىنى تەپسىر قىلىدۇ. قۇرئانى كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنىڭ بەزىسى يەنە بەزىسىنىڭ رامكىسى دائىرىسىدە چۈشىنىلىدۇ.» بىر قىسىم ئايەتلەرنى بۇ بۈيۈك كىتابنىڭ قالغان قىسمىدىن ئايرىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرمەكچى بولۇش ئىككى ئېغىر پاجىئەگە يول ئېچىشى چوقۇم.

بىرىنچىسى: قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى توغرا، سەھىھ شەكىلدە چۈشىنەلمەسلىك.

ئىككىنچىسى: قۇرئانى كەرىم ئايەتلىرىنى بىر ــ بىرىگە زىت قىلىپ قويۇش، بەزى ئايەتلەرنىڭ يەنە بەزى ئايەتلەر بىلەن قارىمۇ ــ قارشى چىقىپ قېلىشى.

بۇ پەقەت مەلئۇن جىنايەتچىلەرلا سادىر قىلىدىغان ئېغىر جىنايەتتۇر. ئاتالمىش قۇرئانچىلار بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە ئايىتىنى تۇتۇپ، شۇ تېمىدىكى قۇرئانى كەرىمنىڭ روشەن ئايەتلىرىدىن باشقا ئايەتلەرنى ئۇ ئايەتتىن ئايرىۋېلىپ، ئارقىدىن ئايەتلەرگە ئېھتىماللىقى بولمىغان مەنىلەرنى زورلۇق ۋە يامان نىيەت بىلەن يۈكلىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ شۇبھىسىنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىش ئۈچۈن بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدىن سىرىت ئۇلار دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى توغرا ئىزاھلاپ بېرىشىمىزگە توغرا كەلسە كېرەك. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرى بايان قىلىنغىنىدا ئۇلارنىڭ بۇ شۇبھىسى تامامەن يەرگە ئۆرۈلۈپ تۈپتىن غۇلاپ چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرئان كۇپايىدۇر، (ھەدىسنىڭ لازىمى

يوق) دىگەن سەپسەتىسىگە دەلىل كەلتۈرۈشتە ئاساسلانغىنى: ﴿ مَّا فَرَّطْنَا فِي ٱلْكِتَٰبِ مِن شَيْءٍ ﴾ الأنعام: ٣٨ تەرجىمىسى: «بۇ كىتابتا ھېچنەرسىنى چالا قويمىدۇق» [ئەنئام سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى]

ئۇلار:« بۇ ئايەت قۇرئانى كەرىمدىن ئىبارەت بۇ كىتابنىڭ چوڭ كىچىك ھەربىر نەرسىنىڭ تەپسىلاتى ۋە باياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. موشۇ سەۋەپتىن بۇ ئىشلارنى ئىزاھلايدىغان ۋە تەپسىلىي بايان قىلىدىغان ھەدىسنىڭ لازىمى يوق» دەپ دەۋا قىلىشىدۇ .

جۇمھۇر تەپسىرشۇناسلارنىڭ قارىشىچە ئايەت كەرىمەدىكى كىتابتىن مەقسەت قۇرئان كەرىم ئەمەس بەلكى لەۋھۇلمەھپۇزدۇر. ئايەتنىڭ تولۇق قىسمى ھەم مۇشۇ قاراشنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. ئايەتنىڭ تولۇق قىسمى مۇنداق: ﴿ وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَا طَٰٓئِرٍ يَطِيرُ بِجَنَاحَيْهِ إِلَّآ أُمَمٌ أَمْثَالُكُم مَّا فَرَّطْنَا فِي ٱلْكِتَٰبِ مِن شَيْءٍ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يُحْشَرُونَ ﴾ الأنعام: ٣٨ تەرجىمىسى: « زېمىندا قانداق بىر ئۆمىلىگۈچى جانلىق بولىدىكەن ۋە ياكى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولىدىكەن، چوقۇمكى ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش ئۇممەتلەردۇر. بىز بۇ كىتابتا ھېچنەرسىنى كەم قالدۇرغىنىمىز (چۈشۈرۈپ قويغىنىمىز) يوق. ئاندىن ئىنسانلار ئۆز رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا توپلىنىدۇ. » [ئەنئام سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى] دېمەككى بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ كاتتىلىقى، بۇ ئىلىمنىڭ كائىناتتىكى چارۋىلار، قۇشلار ۋە باشقىلارغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ھەر ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلمى بويىچە تەقدىر قىلىنغانلىقى، ئارقىدىن ھەممىنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا توپلىنىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. يۇقىرىقى ئايەت ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿ مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَا فِيٓ أَنفُسِكُمْ إِلَّا فِي كِتَٰبٍ مِّن قَبْلِ أَن نَّبْرَأَهَآ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿٢٢﴾ ﴾ الحديد: ٢٢ تەرجىمىسى: «يەر يۈزىدە قانداق بىر مۇسىبەت بولسۇن مەيلى بۇ مۇسىبەت ئۆزۈڭلاردا بولسۇن، چوقۇمكى ئۇ بىز بۇ مۇسىبەتنى يارىتىشنىڭ ئالدىدىكى بىر كىتابتا باردۇر. شۈبھىسىزكى بۇ ئىش ئاللاھقا ئاساندۇر»[سۈرە ھەدىد 22 ـ ئايەت] دېمەك يۇز بەرگەن، يۈز بېرىۋاتقان، ياكى كەلگۈسىدە بېرىدىغان ھەر شەيئىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاپ بولسا لەۋھۇلمەھپۇزدۇر .

بۇ ئايەتتىكى «كىتاب» سۆزىنى لەۋھۇلمەھپۇز بولماستىن قۇرئانى كەرىم ئىدى دەپ تەپسىر قىلىنغان تەقدىردە تەپسىرشۇناسلار ئېيتىدۇ: ئايەتنىڭ مەنىسى قۇرئانى كەرىم مۇكەممەل (قۇرامىغا يەتكەن، ئاقىل) مۇسۇلمانغا كېرەكلىك بولغان تامامى بۇيرۇق ـ نەھىيلەر، ئەقىدە ـ شەرىئەتلەر، بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان قۇرئاننى ئىزاھلايدىغان ھەدىسنى لازىم قىلمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. قۇرئانمۇ ۋەھيىدۇر ھەدىس ھەم ۋەھيىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ نەپس ـ خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. بۇ زات ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلْهَوَىٰٓ ﴿٣﴾ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْىٌ يُوحَىٰ ﴿٤﴾ ﴾ النجم: ٣ – ٤ تەرجىمىسى: «ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بويىچە بىر

نەرسە دىمەيدۇ. ئۇ (سۆزلىگىنى) پەقەت ۋە پەقەت ۋەھيي قىلىنغان ۋەھيىدۇر»[نەجىم سۈرىسى 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر]

دېمەك ئاللاھ بۇ بۈيۈك قۇرئاننىڭ ئىچىگە دىن مەسىلىلىرىنى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھكام ئاساسلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئىنسانىيەتنى يېتەكلەپ، قۇرئان كەرىمدىكى ئاشۇ ئومۇملاشتۇرۇلغان مەزمۇنلارنىڭ تەپسىلاتى ۋە چۈشەنچىسىنى تاپىدىغان ئۇسۇلنى كۆرسىتىپ قويغان. بۇ ھەقتىكى يولىيورۇق ھەم قۇرئانى كەرىمدە كەلگەن بولۇپ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ * يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَلَا تُبۡطِلُوٓاْ أَعۡمَـٰلَكُمۡ ﴿٣٣﴾ ﴾ محمد: ٣٣ تەرجىمىسى: «ئەي ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەر، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار.» [سۈرە مۇھەممەد 33 ـ ئايەت]

يەنە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ... ۚ وَمَآ ءَاتَىٰكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَىٰكُمۡ عَنۡهُ فَٱنتَهُواْۚ .... ﴿٧﴾ ﴾ الحشر: ٧ تەرجىمىسى: «پەيغەمبەر سىلەرگە ئەپكەلگەن نەرسە، سىلەر ئۇنى تۇتۇڭلار. پەيغەمبەر سىلەرنى توسقان نەرسىدىن بولسا يېنىڭلار»[ھەشىر سۈرىسى 7 ـ ئايەت]

موشۇ مەزمۇندا نۇرغۇن ئايەتلەر بولۇپ، بۇ ئايەتلەر مۆئمىنلەرنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىتائىتىگە ۋە رەسۇلۇللاھتىن ئۆگىنىشكە بۇيرۇيدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق : ﴿... ۚ مَّا فَرَّطۡنَا فِي ٱلۡكِتَـٰبِ مِن شَيۡءٖۚ .... ﴿٣٨﴾ ﴾ الأنعام: ٣٨ تەرجىمىسى : «بۇ كىتابتا بىز ھېچبىر شەيئىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق»[سۈرە ئەنئام 38 ـ ئايەت] دېگەن ئايىتى كەرىمەنىڭ

مەنىسىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ يەردىكى كىتابنى قۇرئانى كەرىم دەپ تەپسىر قىلىنغان ئەھۋالدا، ئاللاھ قۇرئانى كەرىم ئىچىگە مۇكەممەل (قۇرامىغا يەتكەن) مۇسۇلمانغا كېرەكلىك بولغان ھەر شەيئىنى كىرگۈزگەن. قۇرئانى كەرىمدىكى تەپسىلاتلار يېتەرلىكتۇر. ئومۇملاشتۇرۇپ سۆزلەنگەن تەرەپلەر بولسا قۇرئانى كەرىم مۆئمىنلەرنى ئاشۇ ئومۇملاشتۇرۇلغان ئايەتلەرنىڭ تەپسىلاتىنى تاپىدىغان يولغا يېتەكلەپ باشلاپ قويغان، بۇ يول رەسۇلۇللاھتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ ئارقىلىق قۇرئانى كەرىم ھەر بىر شەيئىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

﴿... مَّا فَرَّطْنَا فِي ٱلْكِتَٰبِ مِن شَيْءٍ ... ﴿٣٨﴾﴾ الأنعام: ٣٨

«بىز بۇ كىتابتا ھېچبىر شەيئىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق» دېگەن ئاللاھ راست ئېيتقاندۇر.

## ئىككىنچى شۇبھە:

بۇ شۇبھە: ھەدىس ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىزگە چۈشكەن ۋەھيي بولماستىن بەلكى ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنسانلىقنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئىبارەتتۇر. مۇشۇ نۇقتىنى ھېسابقا ئالغاندا رەسۇلۇللاھمۇ توغرا ۋە خاتا قىلىدىغان ئىنساندۇر. ھەدىس ۋەھيي ئەمەس. ئۆز نۇۋىتىدە يەنە ھەدىس ھەم خاتالىقتىن خالىي ئەمەس. خاتالىقتىن خالىي بولغىنى پەقەت ۋەھيىدۇر. قۇرئاندىن باشقىسى ۋەھيي ئەمەس، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى ۋەھيي بولمىغان ئىكەن، ئاللاھ بىزنى ۋەھيىدىن باشقا

نەرسگە ئەگىشىشكە بۇيرىمىغان. يەنە كېلىپ ھەدىس ھەم شەرىئەتشۇناسلىق مەنبەلىرىدىن بىر مەنبە ئەمەس ــ دېيىشىدۇر.

ئۇلار يەنە ھەدىسنىڭ ۋەھيى بولماستىن بەلكى ئۇ زاتنىڭ ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن قىلغان ئىجتىھادى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ دەپ داۋراڭ سېلىشىپ بىر بۆلۈك مەسىلەرنى دەلىل قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتالمىش دەلىللىرى:

بىرىنچى: خورما دەرىخىنى چاڭلاشتۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز ساھابىلارنى خورما دەرەخلىرىنى چاڭلاشتۇرماي قويۇپ بېقىشقا بۇيرىغان، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشقان. ئىككىنچى يىلى خورما ئوخشىماي خورمىنىڭ مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتكەن.

ئىككىنچى: بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈن قىلغان ئورنى مەسىلىسى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز قوشۇننى بىر ئورۇنغا چۈشۈرگەن. ئارقىدىن بۇ ئورۇنغا چۈشۈشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىپ قوشۇن رەسۇلىمىزنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر ساھابىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە باشقا ئورۇنغا يۆتكەلگەن.

ئۈچىنچى: بەدرى ئەسىرلىرى مەسىلىسى بولۇپ، ئەسىرلەرنى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلتۈرمەي ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇۋەتكەن. رەسۇلىمىزنىڭ بۇ ئىجتىھادىنىڭ خاتالىقىنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىجتىھادى ۋە كۆزقارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان ئايەت چۈشكەن.

تۆتىنچى: ساھابىلارنىڭ ھەدىسنى ۋەھيى ھېساپلىمىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەنلىكى. بۇ ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە كۆرۈلگەن ئىش بولۇپ ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىھرامدىن چىقىش ھەققىدىكى ئەمرىگە خىلاپ ئىش تۇتقان، ئاخىرى بولماي رەسۇلۇللاھ

ئۆزى باش بولۇپ قۇربانلىق قىلىپ، ساقلىنى ئالدۇرغان. ساھابىلار بۇنى ۋەھيي ئەمەس رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھادى دەپ ھېسابلىغاچقا رەت قىلىشقان ئىدى. ئەگەر ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ دېگەنلىرىنى ۋەھيي دەپ ھېسابلىغان بولسا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقمايتتى[1].

## بۇ شۇبھىگە رەددىيە ۋە بۇنىڭ يالغانلىقى:

بۇ ئادەملەر ئوتتۇرىغا قويغان مەزكۇر شۇبھىنى بۇلاردىن بۇرۇن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئىنكار قىلىدىغان بىر قىسىم مەزھەپلەر بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان. بىز ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ۋە ئۇلار دەلىل دەپ داۋراڭ سېلىپ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەلىلى دەپ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ نەرسىلەر بىلەن قوشۇلغان بۇ شۇبھە ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ ئاغزىدىن چىقىشى ياكى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى مۇمكىن بولمايدىغان شۇبھەدۇر. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكىلەر بولۇپ قىيامەتكە قەدەر بولغان مۇسۇلمان ئۈممىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەپسى ـ خاھىشىنى چىقىش قىلىپ سۆز قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن. مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى بىرلىكى قۇرۇقتىن قۇرۇق ئوتتۇرىغا

---

[1] ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇبھىلىرىگە دەلىل قىلىۋاتقان بۇ بىر بۆلۈك مەسىلىلەر **1983**. يىلى يازدا كاراچىدا كۆرۈشكەن ۋاقتىمىزدا پەرۋىزچىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. (ھەرقايسى جايلاردىكى جۇملىدىن تۈركىيدىكى شاتۇتلارمۇ مۇشۇ پەرۋىزچىلەردىن مىراس ئالغىنىنى تەكرارلاپ يۈرمەكتە.)

چىقىپ قالغان ياكى نەپسى ـ خاھىش تۈپەيلى مۇنداقلا دېيىلىپ قالغان مەسىلە بولماستىن بەلكى ئۇ قارشى تۇرغان ئادەم ئوچۇق ئاشكارە ئاغزىدىن باشقا بىرنەرسە بولمايدىغان قىل سىغماس ھەقىقەتتۇر.

ھەدىسنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبىرگە قىلىنغان ۋەھىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان تالاي دەلىللەر بار بولۇپ، بىز بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى يۇقىرىدا ھەدىسنىڭ شەرئىەتشۇناسلىقتا دەلىل بولالايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىزدە بايان قىلىپ ئۆتكەن بولساقمۇ، بۇ ھەقتىكى مۇھىم نۇقتىلارنى يەنە قايتا بىر كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

**1**. بۇ ئادەملەر ئۆزىنى يالغاندىن تەۋە دەپ تۇرۇۋېلىۋاتقان قۇرئانى كەرىمنىڭ روشەن ئايەتلىرىدىكى كەسكىن كۆرسەتمىلەردە بۇنى ئاللاھ تائالانىڭ خەۋەر قىلغانلىقى. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلۡهَوَىٰٓ ۝٣ إِنۡ هُوَ إِلَّا وَحۡيٞ يُوحَىٰ ۝٤ ﴾ **النجم: ٣ – ٤** تەرجىمىسى: «بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ. بۇ كىشىنىڭ سۆزلىگىنى پەقەت ۋە پەقەت ۋەھىي قىلىنغان ۋەھىيدىن ئىبارەتتۇر.»[نەجم سۈرىسى **3** ـ **4** ـ ئايەتلەر]

يەنە ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَوۡ تَقَوَّلَ عَلَيۡنَا بَعۡضَ ٱلۡأَقَاوِيلِ ۝٤٤ لَأَخَذۡنَا مِنۡهُ بِٱلۡيَمِينِ ۝٤٥ ثُمَّ لَقَطَعۡنَا مِنۡهُ ٱلۡوَتِينَ ۝٤٦ فَمَا مِنكُم مِّنۡ أَحَدٍ عَنۡهُ حَٰجِزِينَ ۝٤٧ ﴾ **الحاقة: ٤٤ – ٤٧** تەرجىمىسى: «ئەگەر ئۇ بىزنىڭ ھەققىمىزدە (يالغاندىن) بەزى گەپ سۆزلەرنى قىلغۇدەك بولسا، بىز ئۇنى قۇدرەت قولىمىز بىلەن

تۆتىۋەتكەن بولار ئىدۇق. ئارقىدىن بىز ئۇنىڭ گۇرەن تومۇرىنى ئۈزۈۋەتكەن بولاتتۇق. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ھېچكىم ئۇنىڭغا ئارىچى بولۇپ بولالمايتتى.»[ سۈرە ھاققە **44 ـ 47** ـ ئايەتلەر ]

بۇ ئايەتلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ پەقەت ۋەھىي بىلەن سۆزلەيدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئەگەر رەسۇلۇللاھ ئاللاھ ئۈستىدىن بىر شەيئىنى توقۇپ قالغان بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى قۇدرەت قولى بىلەن تۇتۇپ ھالاك قىلغان بولاتتى دەپ خەۋەر قىلىنغان. ئاللاھ ئۆزىنىڭ رەسۇلىنى قۇدرەت قولى بىلەن تۇتمىغان، بۇ كىشىنىڭ گۆرەن تومۇرىنى ئۈزۈۋەتمىگەنىكەن، يەنى ئۇ كىشىنى ئاللاھ ھالاك قىلمىغان ئىكەن دېمەك، رەسۇلۇللاھ ئاللاھ ۋەھىي قىلغان نەرسىنىلا سۆزلىگەن.

**2** . ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ئېنىق دەلىللەر بولۇپ، بۇ دەلىللەردە ئاللاھ مۆئمىنلەرنى قىلغان قىلمىغان، بۇيرۇغان ۋە چەكلىگەن ھەربىر ئىشتا پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ... ۚ وَمَآ ءَاتَىٰكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَىٰكُمْ عَنْهُ فَٱنتَهُوا۟ ...٧ ﴾ **الحشر:** ٧ تەرجىمىسى: «سىلەرگە پەيغەمبەر نېمىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا شۇنى قىلىڭلار. سىلەرنى نېمىدىن چەكلىگەن بولسا ئۇنىڭدىن يېنىڭلار» [سۈرە ھەشر **7** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى]

يەنە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:﴿ ۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُوا۟ ٱلرَّسُولَ وَلَا تُبْطِلُوٓا۟ أَعْمَٰلَكُمْ ٣٣ ﴾ **محمد:** ٣٣ تەرجىمىسى: «ئەي ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار.»[سۈرە مۇھەممەد **33** ـ ئايەت]

3. ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش، ھۆكمىگە رازى بولۇش، بۇيرۇقىغا تەسلىم بولۇش، مۇۋاپىق تاپقان ۋە ھۆكۈم قىلغان ھەر بىر نەرسىدە بۇيرۇق ۋە چەكلىمىسىگە بويسۇنۇش بىلەن ئىماننىڭ مەۋجۇت بولۇش بولماسلىقى ئارىسىنى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ باغلىغانلىقى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا ﴿٦٥﴾ ﴾ النساء: ٦٥ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭ نامىدىن قەسەمكى، بۇلار ئۆز ئارىلىرىدا يۈز بەرگەن دەتالاشتا سېنى ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئارقىدىن سەن چىقارغان ھۆكۈمدىن قىلچە قەلبىدە غۇم ھېس قىلماي مۇكەممەل شەكىلدە تەسلىم بولمىغۇچە مۆئمىن بولالمايدۇ.»[سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت]

يەنە بۇ قاتاردا ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى بۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر دەپ سۈپەتلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا ۚ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ﴿٥١﴾ ﴾ النور: ٥١ تەرجىمىسى: «جەزمەنكى ئارىلىرىدا ھۆكۈم قىلىپ قويسۇن ئۈچۈن ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ تەرەپكە دەۋەت قىلىنغان ۋاقتىدىكى مۆئمىنلەرنىڭ سۆزى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلدۇق دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەنە شۇلار، ئۇلارلا نىجات تاپقۇچىلاردۇر.» [سۈرە نۇر 51 ـ ئايەت]

4. پۈتكۈل ئۈممەتنىڭ ھەدىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرگە قىلىنغان ۋەھىي ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرلىككە

كەلگەنلىكى، بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) چۈنكى ئۇلار رەسۇلىمىزنىڭ ھاياتىدا رەسۇلىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ئەستە ساقلاپ، ئۆز ئارىلىرىدا بىر بىرىگە ئەسلىتىشەتتى. رەسۇلىمىز قىلغان ۋە قىلمىغان ھەربىر ئىشتا(رەسۇلۇللاھقا خاس بولمىغانلا ئىش بولسا) رەسۇلۇللاھنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشنى نىشان قىلىشاتتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە قىلغان تۆۋەندىكى سۆزىدىكى يوليورۇقىغا ئاۋاز قوشقۇچى ئىدى. ﴿ لَّقَدۡ كَانَ لَكُمۡ فِي رَسُولِ ٱللَّهِ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ لِّمَن كَانَ يَرۡجُواْ ٱللَّهَ وَٱلۡيَوۡمَ ٱلۡأٓخِرَ وَذَكَرَ ٱللَّهَ كَثِيرٗا ۝٢١ ﴾ **الأحزاب: ٢١** تەرجىمىسى: «سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدە بىر ياخشى ئۈلگىلىك (روھ) باردۇر. ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئۈچرىشىشنى ئۈمىد قىلغان ئاللاھنى كۆپ ئەسلىگەن ئادەملەر ئۈچۈن (ياخشى بىر ئۈلگۈلۈك روھ باردۇر).» [سۈرە ئەھزاب **21** ـ ئايەت]

ساھابىلار ئىچىدە خەت ساۋادى بارلار ھەدىسنى ئايرىم شەكىلدە ئۆزىگە خاس قىلىپ يېزىۋالىدىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بىر بۆلۈك ساھابىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش ئىزلىرى سۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئاتايىتەن خاتىرلىۋالاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدىن كېيىن بولسا مەسىلە ساھابىلارنىڭ ھوزۇرلىرىغا سۇنۇلىدىغان ئىدى. ئۇلار مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى قۇرئاندىن ئىزدەيتتى. قۇرئاندا تاپالمىسا ھەدىس شەرىفتىن ئىزدەيتتى ۋە بۇ مەسىلە ھەققىدە ھەدىستە كەلگىنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئىدى. بەزىلەر «مەن سىلەردىن ئاللاھنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەن. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھدىن بۇ مەسىلە ھەققىدە بىر نەرسە ئاڭلىغانلار بارمۇ ؟! »

دەپ سورايتتى . ئەگەر ساھابىلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىللىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ تىلى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈمى كەلسە، ئۇلار دەرھال شۇ ھۆكۈمنى تەتبىقلاش ۋە ئۇنى قوللىنىشقا ئالدىرايتتى.

مانا بۇ مەسىلىلەر بىزگە ئېنىق شەكىلدە شۇنى ئەسلىتىدۇكى، ھەدىسمۇ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيىدۇر. بىز بۇ مەسىلىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۇلگەن ھەدىسنىڭ دەلىل ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىزدە(تەكرارلاپ ئولتۇرمىساقمۇ بولغۇدەك دەرىجىدە) بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ھەدىس شەرىفنىڭ ۋەھيى ئەمەسلىكى ھەققىدىكى دەلىل دەپ داۋا قىلىپ ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ئالىجوقا سۆزلەرگە كەلسەك باتىللىقى ئوچۇق ئاشكارە سۆزدۇر. بىز باتىللىقى ئوچۇق ئاشكارە بولسىمۇ ، بۇلارنىڭ داۋرىڭىنى تۇپتىن بىتچىت قىلىش يۈزىسىدىن رەددىيە بېرىپ ئۆتىمىز.

1 . بۇلارنىڭ باتىل داۋراڭلىرىنىڭ بېشى خورما دەرىخىنى چاڭلاشتۇرۇش مەسىلىسىدۇر. خورما دەرىخىنى چاڭلاشتۇرماق تەجرىبە ۋە كەسپكە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ ئۇنىڭ ۋەھيى بىلەن يىراقتىن يا يېقىندىن ھېچقاچان ئالاقىسى يوق. ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئۇسلۇبى ۋە ئاددىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى بولغان مەسىلىلەر، ھالال ــ ھارام ، مۇباھ بولۇش قاتارلىقلارغا ئالاقىدار بولمىغان ئەھۋالدا ئۇنىڭ ۋەھيى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق بولۇپ بۇ تۇرلۇك ئىشلار بىلەن قانداق شۇغۇللىنىش ۋە قانداق بېجىرىش مەسىلىسى ئادەملەر ئۆگەنگەن ۋە ئادەتلەنگەنلىرى بويىچە شۇغۇللىنىدىغان، تەجرىبە ۋە كەسپ دائىرىسىدىكى مەسىلىدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ خورمىنى چاڭلاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە ئالدىنئالا تەجرىبىسى يوق بولۇپ ئۇ زات كىشىلەرنىڭ خورما چاڭلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا دېگەنكى:

قويۇەرگەن بولساڭلا ئوبدان بولارمكىن؟!

رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى سوئال شەكلىدە، ياكى تەجرىبىسىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان تەكلىپ شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ سۆزنىڭ مەيلى بۇيرۇق جەھەتتە بولسۇن ياكى چەكلەش جەھەتتە بولسۇن شەرىئەتشۇناسلىق بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا ساھابىلەر خورمىنى چاڭلاشتۇرۇشنى تەرك قىلىشقىنىدا خورما ئوبدان ئوخشىمىغان. بۇلار بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە گەپ قىلغىنىدا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا دېگەن : «سىلەر دۇنيايىڭلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈڭلار ئوبدان بىلىسىلەر.»

**2**. بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمان ئارمىيىسىنى ئورۇنلاشتۇرغان ئورۇن ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىگە كەلسەك، بۇ مەسىلە رەسۇلۇللاھ ئۆزى مۇۋاپىق تاپقان كۆز قاراشقا ئاساسەن بولغان. ۋەھىي ئارقىلىق بولغان ئىش ئەمەسلىكى گەپ كەتمەيدىغان دەرىجىدە روشەن. ساھابىلىرىنىڭ بىرى رەسۇلۇللاھتىن: بۇ ئورۇنغا ئالللاھ سىلىنى چۈشۈردىمۇ ياكى ئۇ ئۆز كۆز قاراشلىرى، ئۇرۇش ۋە تەدبىرمۇ ؟ دەپ سورىغىنىدا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام : ياق، ئۇ كۆز قارىشىم. جەڭ تەدبىردۇر دېگەن. ساھابىلەر رەسۇلۇللاھقا بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان بىر ئورۇن ھەققىدە مەسلىھەت بەرگىنىدە، رەسۇلۇللاھ ئۇ جايغا كۆچۈپ بارغان. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنىڭ ۋەھيي ئارقىلىق بولمىغانلىقى (رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىدىن) ھەممىگە ئايدىڭ. ۋەھيىنى ياق، بۇ ۋەھيي ئەمەس دەپ تۇرىۋالىدىغانلارنىڭ ۋەھيى ئەمەس دەپ ئېنىق بىلدۈرۈلگەن مەسىلىنى ۋەھيى ئىدى دەپ دەلىل قىلىپ كەلتۈرىشى توغرا ئەمەس.

**3**. بەدىر ئەسىرلىرى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ مەسىلە كۆزقاراش بىلەن ۋەھيي ئارىسىنى بىرلەشتۈرگەن. ئالدى بىلەن كۆز

قاراش، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەھيي مەيدانغا كەلگەن. بەدىر جېڭىدىكى ئەسىرلەر مەسىلىسى بىزگە باشقا شەرىئەت مەسىلىلىرىنىڭ نۇرغۇنىدا تېپىلماسلىقى مۇمكىن بولغان بىر مۇھىم مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. رەسۇلۇللاھ بەدرى ئەسىرلىرى مەسىلىسىدە كۆز قارىشى بويىچە ئىش تۇتقان. ساھابىلارغا مەسلىھەت سالغىنىدا، ھەر كىم ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلىمىز ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرىش ھەققىدىكى كۆز قاراشنى مۇۋاپىق تاپقان. بۇ ھەم ئەبۇ بەكرىنىڭ قارىشى ئېدى. (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) ئۆمەرنىڭ قارىشى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بولسا ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى ئىدى. ئىشلار ئەبۇ بەكرىنىڭ قارىشى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيي چۈشۈپ ئەسىرلەر مەسىلىسىدە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنى ۋە بۇ ھەقتىكى توغرا ئۇسۇلنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ بەدرى ئەسەرلىرى، رەسۇلىمىزنىڭ قىلغانلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَكُونَ لَهُۥٓ أَسۡرَىٰ حَتَّىٰ يُثۡخِنَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ تُرِيدُونَ عَرَضَ ٱلدُّنۡيَا وَٱللَّهُ يُرِيدُ ٱلۡأٓخِرَةَۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٦٧﴾ لَّوۡلَا كِتَٰبٞ مِّنَ ٱللَّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمۡ فِيمَآ أَخَذۡتُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿٦٨﴾ فَكُلُواْ مِمَّا غَنِمۡتُمۡ حَلَٰلٗا طَيِّبٗاۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٦٩﴾ ﴾ **الأنفال: ٦٧ ـ ٦٩** تەرجىمىسى: « ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ زېمىندا (قاتتىق) قۇدرەت تاپمىغۇچە ئەسىرلىرىنىڭ بولغان بولۇشى مۇۋاپىق ئەمەستۇر. سىلەر دۇنيا ماتالىرىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ بولسا ئاخىرەتنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ ئەزىز ھەم ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر. ئەگەر ئاللاھتىن بولغان بىر ئەھدە بولمىسا ئىدى. سىلەرنى

شۇ ئالغان تۆلـمـىگـلار سەۋەپلىك قاقشاتقۇچ ئازاب تۇتقان بولاتتى. سىلەر غەنىيمەت ئالغان نەرسىلەرنىڭلاردىن ھالال ۋە پاك ھالەتتە يەڭلار، ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچى رەھىم قىلغۇچىدۇر »[سۈرە ئەنفال 67 ـ 69 ـ ئايەتلەر]

دېمەك ئەسىرلەر مەسىلىسى كۆزقاراش بىلەن باشلىنىپ، ۋەھيي بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ مەسىلە شۇنىڭغا ئىسپاتكى، رەسۇلۇللاھ دىنغا ئالاقىدار مەسىلىدە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيي بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھېچ نەرسىنى قىلمايدۇ ۋە دېمەيدۇ. ئاللاھ ھەم ئۆزىنىڭ رەسۇلىنى كۆزقاراش ۋە ئىجتىھادى بىلەن ئىش بىجىرگەن ھالەتتە ناتوغرا يول ئۈستىدە قالدۇرۇپ قويمايدۇ. بۇ بىز بىر ئاز بۇرۇن كۆز يۈگۈرتۈپ ئۆتكەن موھىم مەسىلىدۇر. خۇلاسە كالام، رەسۇلۇللاھنىڭ دىن مەسىلىسىدىكى سۆزى ۋە ئىش ھەرىكىتى ھەتتاكى كۆز قارشى بىلەن بىر نەرسە دېگەن بولسا ھەم ۋەھيىدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۆز كۆز قارىشى بىلەن بىر ئىشنى دېسە ياكى قىلسا، بۇ ئىش توغرا ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق بولۇپ چىقسا، ئاللاھ رەسۇلۇللاھنى مۇشۇ ئىش ئۈستىدە قويۇۋىرىدۇ. ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھنى مۇشۇ ئىش ئۈستىدە قويۇۋەرگەنلىكى ئۇ زاتنىڭ ئەمىلىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادە قىلغىنىغا ئۇيغۇن بولغانلىقىغا دەلىل بولۇپ بۇ ئىش ۋەھيي بولىدۇ. ئەگەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھادى خاتا، ئاللاھنىڭ مەقسەت ئىرادىسىگە مۇۋاپىق بولمىغان ئەھۋالدا ، ئاللاھ ئۇ زاتنى قىلغان خاتا ئىجتىھادى ياكى سۆزى ئۈستىدە قويۇۋەرمەستىن بەلكى ئۇ زاتقا تۈزىتىش بېرىپ توغرىلاپ قويىدۇ. بەدرى ئەسىرلىرى مەسىلىسىدە ئەنە شۇنداق بولغان. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھقا تۈزىتىش بېرىپ ئايەت چۈشكەن. ئەبەسە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ھەم شۇنداق بولغان. بۇ چاغدىمۇ رەسۇلۇللاھقا كايىپ ئايەت چۈشكەن. مانا

موشۇنىڭدەك بەدرى ئەسىرلىرى ۋەقەسى «ھەدىس ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز، ھەرىكەتلىرىنى ـ ھەتتاكى رەسۇلۇللاھ ئۆز كۆز قارىشى بىلەن ئىجتىھاد قىلغان تەقدىردىمۇ ـ ۋەھيي بىلەن كونترۇل قىلىپ تۇرىدىغانلىقى» نى ئوچۇق ئىسپاتلايدۇ.

قۇرئانچىلار ھەدىسنىڭ ۋەھيي ئەمەس ئىكەنلىكىگە دەلىل دەپ گۇمان قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ مەسىلە ھەققىدىكى خۇلاسە كالام شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، رەسۇلىمىز تەرىپىدىن ۋۇجۇتقا چىقىرىلغان ئىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچى تۈرىنى رەسۇلۇللاھ ئۆزى ئىنسانلىقىنىڭ تەلىپى بويىچە ھېچبىر نەرسە ۋەھيي قىلىنماي تۇرۇپ بېجىرگەن ئىش بولۇپ بۇ تۈرنىڭ شەرىئەتشۇناسلىق بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ھالال ۋە ھارام بولۇش نۇقتىسىدىن دىن بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى بولمىغان كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كۆپ قىسىم ئىشلار بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. رەسۇلىمىزنىڭ خورمىنى چاڭلاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدىكى كۆز قارىشى مۇشۇ تۈردىكى ئىشلار قاتارىغا كىرىدۇ. ئىككىنچى تۈرى بولسا رەسۇلۇللاھ بىر ئىشنى «پەيغەمبەر ھەم ئىنسان» بولۇش تەقەززاسى بىلەن قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئىشى ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيي ئاساسىدا بېجىرىلگەن بولىدۇ. خورما چاڭلاشتۇرۇش مەسىلىسى بىلەن بەدىر جېڭىدىكى ئەسكەرلەرگە بارگاھ تۇتۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئالدىنقى ئىككى ئىش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆز كۆزقارىشى بىلەن قىلغان بىرىنچى تۈرلۈك ئىشلار قاتارىدىندۇر. ئۈچىنچىسى بولسا:رەسۇلۇللاھ ئۆز كۆز قارىشى ۋە ساھابىلار ئارىسىدىكى مەسلىھەت ئوبيېكتىلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى بويىچە ئىجتىھاد قىلغان مەسىلە بولۇپ، ئىجتىھادتىن كېيىن ۋەھيي چۈشۈپ، ئىجتىھادنىڭ خاتاسىنى

تۈزۈتۈپ، توغرىسنى بايان قىلغاندۇر.

## ئۈچىنچى شۈبھە:

ئۇلارنىڭ بۇ توغرىدىكى شۈبھىسىنىڭ خۇلاسىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

«ھەدىس پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەزىرىدىمۇ شەرىئەت ئەمەس ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ھەم ئۆز ھەدىسلىرىنىڭ دىن ئۈچۈن بەلگىلىمە چىقىرىدىغان مەنبە بولغان بولۇشىنى مەقسەت قىلمىغان. شەرىئەتشۇناسلىق مەنبەسى بولسۇن دېگەن مەقسەتتە بىرەر نەرسىنى دېگەن ياكى قىلغانمۇ ئەمەس. پەيغەمبىرىمىز ئۆز ھاياتىدا قۇرئانى كەرىمدىن باشقا بىر قانۇن چىقىرىدىغان مەنبەنىڭ بۇ ساھەدە مەۋجۇت بولۇشىنى خالىغان ئەمەس. بەلكى رەسۇلۇللاھنىڭ نەزەرىدىكى شەرىئەتشۇناسلىق مەنبەسى پەقەتلا قۇرئانى كەرىم ئىدى. شۇنىڭدەك ساھابىلارنىڭ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) چۈشەنچىسى ھەم موشۇنداق ئىدى. تابىئىنلارنىڭ دەۋرى كېلىپ بۇ دەۋردە ھەدىس مۇھىم دەيدىغان، ھەدىسنى شەرىئەتشۇناسلىق مەنبەلىرىدىن بىر مەنبەدۇر، دەيدىغان پىتنە مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بۇ ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن ئەجەللىك زەربە ئىدى. بۇ چاغدا ئىسلام دىنىغا ئۇ دىنغا مەنسۇپ بولمىغان تەركىپلەر كىرىپ، قۇرئاندىن ئىبارەت سەھىھ ۋە خالىس ۋەھيىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىدىن ئىنسانىنىڭ سۆزىدىن ئىبارەت ۋەھيي ئەمەس نەرسىلەر ئارىلىشىپ كەتتى. ۋەھيي ئەمەس دىيىش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىيسىنى كۆزدە تۇتىمىز.»

**ئۇلار بۇ قاراشلىرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك دەلىللىرى بارلىقىنى داۋراڭ قىلىشىدۇ:**

**1** . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى قۇرئانى كەرىمنى يېزىشقا بۇيرۇپ بۇنىڭغا ئۇندىگەن بولسا، ھەدىستىن سۆز بولسۇن ياكى ئىش ـ ھەرىكەت بولسۇن ھەر قانداق بىر نەرسىنى يېزىشنى چەكلىگەن ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«مەن توغرۇلۇق بىر نەرسە يازماڭلار، كىمكى مەن توغرۇلۇق قۇرئاندىن باشقا بىر نەرسە يازىدىكەن بۇنى ئۆچۈرۈۋەتسۇن.»[1]

**2** . ساھابىلار (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۇلارغا بولسۇن) پەيغەمبىرىمىزدىن ھەدىسنىڭ شەرىئەت ئەمەسلىكىنى ئۆگىنىپ، شۇڭلاشقا يازغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىگە قۇرئان كەرىمنى يېزىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، ھەدىس يېزىش ۋە يادلاش ئىشىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن.

**3** . خۇلەفائۇرراشىدىينلار باشچىلىقىدىكى چوڭ ساھابىلەر ھەدىس رىۋايەت قىلىشنى ياقتۇرمايتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ئىدى. خەلىفە ئۆمەر (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارغا تەھدىت سېلىپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردىغان ئىدى. بۇ كىشى ھەدىس رىۋايەت قىلماسلىق ھەققىدىكى تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن، ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك بىرنەچچە ساھابىنى جازالاپ قاماپ قويغان ئىدى.

---

[1] ئىمام مۇسلىم سەھىھ مۇسلىمنىڭ زاھىدلىق ھەققىدە دېگەن بابىدا كەلتۈرگەن ھەدىس.

## بۇ شۈبھىگە رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى :

مانا بۇلار ئۇلارنىڭ شۈبھىسى ۋە ھەدىس توتماسلىق ھەققىدىكى دەلىللىرى. بۇ تۆردىكى شۈبھىنىڭ تۈپتىن ئاساسى يوق، ئۇنىڭ دەلىللىرىنىڭ تېخىمۇ تايىنىي يوق يالغاندۇر. مۇسۇلمان ئۇممىتى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ھەممىسى تاكى قىيامەتكە قەدەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن شۇ مەسىلىدە بىرلىككە كەلگەنكى: پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى ئىسلام شەرىئەتشۇناسلىق مەنبەلىرىدىن ئىككىنچى مەنبەدۇر. بىز ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ھەدىسنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىللەرنى كەلتۈردۇق. ھەدىسنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا يوللىغان شەرىئىتى ئىكەنلىكىگە كەسكىن يېتەرلىك دەلىلدۇر. شەكسىزكى ھەدىس ئىسلام شەرىئەتشۇناسلىقنىڭ ئىككىنچى مەنبەسىدۇر. ئەمدى بىز بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ شۈبھىلىرىگە دەلىل دەپ ئەكەلگەن شۇ ئاتالمىش سەپسەتىللىرىگە رەددىيە بېرىپ ئۆتىمىز.

**1**. ئۇلارنىڭ «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرئانى كەرىمنى يېزىش ۋە يادىلاشقا ئۇندەپ تۇرۇپ، ھەدىس يېزىشتىن چەكلىگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئاننى يازىدىغان كاتىپلىرى بار ئىدى» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ كۆپتۇرىۋېتىلگەن سۆز بولۇپ باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇش مەقسىتىدە بىر قىسىم ھەقنى ئاشكارىلاپ، يەنە بىرقىسمىنى يوشۇرۇشنى ئاساس قىلغان. شۇنىڭدا شەك يوقكى، قۇرئانى كەرىم يېزىلىش ۋە ساقلىنىش جەھەتتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىگە مەنسۇپ بولمىغان ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشكەن.

قۇرئان بۇ دىنىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى ، نوپۇز ۋە مۇقەددەسلىك جەھەتتە ھەدىستىن يۇكسەكتۇر. قۇرئانى كەرىم يېزىشقا ، ساقلاشقا ، كۆڭۈل بۆلۈشكە ، ئەھمىيەت بېرىشكە ئەڭ ھەقلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئانى كەرىم يېزىش ۋە خاتىرىلەش جەھەتتە ھەدىسكە مەنسۇپ بولمىغان كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشكەن. ساھابىلەرنىڭ ھەدىستىن بەكرەك قۇرئان كەرىمنى يېزىشقا كۆڭۈل بۆلشگە تۇرتكە سەۋەبلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولۇپ بۇ سەۋەپلەرنىڭ بىرسى قۇرئانى كەرىمنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەلبىگە ئېلىپ چۈشكەن چېگرا بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقى شۇڭلاشقا قۇرئاننى يېزىش ۋە بىلىش قولاي ، ساھابىلارمۇ بۇ ھەقتە كۆپرەك شارائىتقا ئىگە بولغانلىقىدۇر. رەسۇلىمىزنىڭ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەت بولغان ھەدىسكە كەلسەك ، ھەدىس ناھايىتى نۇرغۇن ۋە كۆپ تارماقلىق ھەمدە پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەر ئارىسىدا ياشىغان 23 يىل مۇددەتنى ، رەسۇلۇللاھنىڭ كۈندىلىك دېگەن سۆزلىرى ۋە ئىش ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يېزىش ۋە خاتىرىلەش مۇشەققەتلىك بىر مەسىلە. بولۇپمۇ ساھابىلەر ئارىسىدىكى ساۋاتلىقلارنىڭ ئازلىقىنى ھېسابقا ئالغىنىمىزدا تېخىمۇ شۇنداق.

يەنە قۇرئانغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگۈزگەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى قۇرئانى كەرىمنىڭ خاتىرىلىنىشى بىر زۆرۈرىيەت بولۇپ ، بۇ زۆرۈرىيەت ئاللاھتىن رەسۇلىمىزغا ۋەھيى قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ سۆزلۈكى ۋە مەنىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھىي قىلىنغان بولۇشى ، مەنىسى بويىچە يەتكۈزۈشكە بولماسلىقى قۇرئانى كەرىمنى چوقۇم يېزىشقا تېگىشلىك زۆرۈرىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغان. ھەدىسكە كەلسەك ، ھەدىسنى مەنىسى بويىچە رىۋايەت قىلىشقا بولىدۇ. ھەدىس مەسىلىسىدە بىر كىمنىڭ «رەسۇلىمىز مۇشۇ مەزمۇندا بىر سۆزنى

دېدى» «مۇشۇنىڭغا ئوخششىپ كېتىدىغان بىر نەرسىنى دېدى» دېگەندەك سۆزلەرنى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما قۇرئانى كەرىم ھەققىدە بۇنداق دېيىش جائىز ئەمەس.

بۇ تۇردىكى ئىشلار ئىچىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىللىرى ئارىسىدا ساۋاتلىقلارنىڭ ئاز سانلىق كىشىلەر ئىكەنلىكى، قۇرئان ۋە ھەدىسنى بىر قاتاردا بىرلىكتە يېزىپ كېتىش ئىمكانىيىتىنىڭ بولمىغانلىقىدۇر. ئەگەر «ساۋاتلىق ساھابىلار قايسى بىرىنى يېزىشى كېرەك؟!» دېگەننى تاللاشقا قويۇلغۇدەك بولسا، «ئەلۋەتتە يېزىلىدىغىنى قۇرئانى كەرىم بولسۇن» دىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇندىلا ئۇلار قۇرئانى كەرىمنى كېيىنكىلەرگە توپتوغرا، تولۇق تەكشۇرۇلگەن، بىر ھەرىپ ئارتۇق ياكى كەم بولۇپ قالمىغان ھالەتتە تاپشۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىن باشقىنى يېزىشتىن چەكلىگەن. قۇرئاندىن باشقىسى دېمەك ھەدىسنىڭ دەل ئۆزى شۇ، دەپ دەلىل كەلتۇرۇشكە كەلسەك بۇ بىر نەچچە نۇقتىدىن خاتا دەلىل:

**1**. ئىمام مۇسلىم ئەبى سەئىدىل خۇدرىيدىن شۇنداق رىۋايەت قىلغان، رەسۇلىمىز ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«مەن توغرىلىق بىر نەرسە يازماڭلار. كىمكى مەندىن قۇرئاندىن باشقا بىر نەرسىنى يېزىۋالغان بولسا، ئۇ يېزىۋالغىنىنى دەرھال ئۆچۈرۋەتسۇن.»

بۇ ھەدىسنى ھەدىس ساھەسىدىكى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەبۇ ئابدۇللاھ بۇخارى ۋە باشقىلار ئەبى سەئىدىل خۇدرىيغا مەۋقۇف (ساھابە ئىجتىھاد قىلىپ دېگەن بولۇشى مۇمكىن بولغان ھەدىس) ھەدىستۇر دېگەن.

بۇنى نەزەردىن ساقىت قىلغىنىمىزدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ھەدىس يېزىشتىن چەكلىگىنىگە ئوخشاش يەنە رەسۇلۇللاھتىن ھەدىس يېزىشقا رۇخسەت قىلغانلىقى، بەلكى بۇيرىغانلىقلىرى باشقا ھەدىسلەردە كەلگەن. شۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتىمىزكى ئۇلارنىڭ بۇ ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرۈشتە باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇش مەقسىتى بار. نىمە ئۇچۇن ئۇلار قۇرئاندىن باشقىنى يېزىشتىن چەكلىگەنلىكى ھەققىدىكى بىر ھەدىسنى بايان قىلىدۇ ـ يۇ، كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدىغان يېزىشقا رۇخسەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتمەيدۇ؟!

بۇ دەلىللەرنىڭ بىرى، رەسۇلىمىز ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى بولغان كۈنى نوتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مەككىدىن ئۆلتۈرۈلۈشنى ياكى پىلنى(بۇ يەردە ئىمام بۇخارىينىڭ شەيخى ئەبۇ نەئىيم شەك قىلىدۇ) توستى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆئمىنلەرنى مەككىگە ئىگە قىلدى.رەسۇلۇللاھ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرىشىغا يەمەنلىكلەردىن بىر ئادەم كېلىپ: ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ماڭا دېگەنلىرىڭنى يېزىپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ئەبى شاھقا يېزىپ بېرىڭلار، دېدى.»[1]

بۇ ھەدىسلەرنىڭ يەنى بىرى ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولۇپ ئۇ مۇنداق دېگەن :

«ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسنى مەندىنمۇ ئوبدانراق بىلىدىغان بىر كىم يوق ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرنىڭ مەندىن ئوبدانراق بىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇ

---

[1] ئىمام بۇخارى كىتابۇل ئىلىمدە «ئىلىمنى يېزىش ھەققىدە» دېگەن بابتا رىۋايەت قىلغان ھەدىس. فەتھۇلبارى 1 .توم 206 . ھەدىس.

ساۋاتلىق ئىدى، مەن بولسام ساۋاتسىز ئىدىم.»[①]

بۇ قاتاردا يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بار. ساھابىلەردىن بىرى ئۇ كىشىگە مۇنداق دېگەن: «سەن رەسۇلىمىزنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى يازىسەن. رەسۇلىمىز بىر ئىنسان، ئۇ كىشى غەزەپلەنگىنىدە شەرىئەت ئەمەس نەرسىلەرنى دەپمۇ قويىدۇ. بۇ گەپ بىلەن ئابدۇللاھ رەسۇلىمىزنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە دېگەن بۇ گېپىنى خەۋەر قىلغىنىدا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يازغىن، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئاغزىمدىن پەقەت ھەق چىقىدۇ.»[②]

بۇ رىۋايەتلەر سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدىكى سەھىھ رىۋايەتلەردۇر. بۇ ساھەدە بۇ رىۋايەتلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان زەئىپ رىۋايەتلەر بار. ئەگەر بىز ھەدىس خاتىرىلەشتىن چەكلىگەنلىكى ھەققىدىكى ھەدىسلەر بىلەن، خاتىرىلەشكە رۇخسەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەر ئارىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگۈدەك بولساق، ئەبۇبەكرىل خەتىيب رەھىمتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ (ھىجرىيە 463. يىلى ۋاپات بولغان) رەسۇلىمىزنىڭ ھەدىس خاتىرلەشتىن چەكلىگەنلىك ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى توپلىغانلىقىنى، بۇ رىۋايەتلەر

---

[①] بۇخارى كىتابۇل ئېلىمدە ئىلىمنى يېزىش ھەققىدىكى باپتا رىۋايەت قىلغان. 113. نومۇرلۇق ھەدىس. بۇ ھەدىسنىڭ بۇخارىيدىكى ۋارىيانتىدا: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرنى چىقىرىۋەتكەندە، رەسۇلىمىزدىن ھەدىس سۆزلەشتە ھېچكىم مەندىن كۆپ ئەمەس ئىدى دېيىلگەن.

[②] ئەبۇ داۋۇد كىتابۇل ئېلىمدە ئىلىمنى يېزىش ھەققىدە دېگەن باپتا 79. نومۇرلۇق، ئۇمۇمى 3629. نومۇرلۇق ھەدىستە، ئىمام ئەھمەد 2. توم 162. ھەدىستە. دارمى ھەدىس توپلىمىنىڭ مۇقەددىمىسى 43. باپتا بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان .

ئىچىدە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئەبى سەئىدىل خۇدرىينىڭ ھەدىسىدىن باشقا بىرمۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

بىز يۇقىرىدا ئىمام بۇخارى رەھمەتۇللا ئەلەيھىنىڭ بۇ ھەدىسنى ئەبى سەئىدىل خۇدرىيغا مەۋقۇف (ساھابە ئۆزى دىگەن بولۇش ئىھتىماللىقى بولغان، سەھىھلىكىدە مەسىلە بار) دەپ كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. باشقا ھەدىسشۇناسلارمۇ ئەنە شۇنىڭدەك قىلىشقان[1]. ھالبۇكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىس خاتىرىلەشكە رۇخسەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەر كۆپ، بۇ ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىرى تېخىمۇ كۆپ. بىز بۇ ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمىنى يۇقىرىدا كەلتۈردۇق. بۇلاردىن سىرت يەنە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كېسىلىنىڭ ئاخىرىقى مىنۇتلىرىدا :«سىلەر ماڭا بىر نەرسە ئەكىلىپ بېرىڭلار، مەن سىلەرگە بىر خەت يېزىپ بېرەي، سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئەسلا ئازمايسىلەر.» دېگەن ئىدى.

ئالىملار ھەدىس خاتىرىلەشكە رۇخسەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەر بىلەن خاتىرىلەشتىن چەكلىگەنلىكى ھەققىدىكى ھەدىسلەر ئارىسىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ ئىزدىنىش نەتىجىسىدە تۆۋەندىكىدەك بىر بۆلۈك كۆز قاراشلارنى يەكۈنلىگەن :

أ. بۇ ھەدىسنى ھەدىس بىلەن مەنسۇخ قىلىش تۇرىدىكى مەسىلىلەرنىڭ بىرى. يەنى ئالدى بىلەن يېزىشنى مەنئى قىلىش، ئارقىدىن يېزىشقا رۇخسەت قىلىش بىلەن بۇ چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئۆلىمالارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ خىل قاراشقا ئىگە. جۈملىدىن ئىبنى قۇتەيبە «ئوخشىمايدىغان ھەدىسنىڭ تەئۋىلى

[1] ھەدىسنىڭ خاتىرلىنىشى دوكتۇر مۇھەممەد مەتەر زەھرانى **76** بەت

ھەققىدە» ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار دېيىشىدۇ: ئالدى بىلەن قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن چەكلىمە مەيدانغا كەلگەن. ئارىلىشىپ كېتىش ئېھتىماللىقى يوقالغاندا بولسا رۇخسەت قىلىنغان.»

ب. چەكلىمە مۇتلەق ئەمەس بەلكى ھەدىس ۋە قۇرئاننى بىر ۋاراققا يېزىشتىن چەكلەنگەن ئىدى. ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى دانە نەرسىگە يېزىشقا كەلگەندە ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنغان.

ج. بۇ يەردىكى رۇخسەت ئۆزلىرى مەخسۇس پايدىلىنىش ئۈچۈن خاتىرلەيدىغان، قۇرئان بىلەن ھەدىس ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئېھتىماللىغى يوق بىر قىسىم ساھابىلارغا قىلىنغان.

بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن سىرىت يەنە بىر بۆلۈك كۆز قاراشلار بار. ئەمما چەكلىگەن رىۋايەتلەر ۋە رۇخسەت قىلغان رىۋايەتلەردىن شۇ ئايدىڭكى، رۇخسەت ئاۋۋال چەكلىگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. ئەگەر بىرەر مەنسۇخ قىلىنغان ئىش بار دېيىلسە، ئۇ دەل خاتىرلەشتىن توسقان چەكلىمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدۇر. مانا بۇ جۇمھۇر ئۆلىمالار رىۋايەت قىلغان مەسىلە[1].

مانا بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىمام مۇسلىم ئەبۇ سەئىدىلخۇدرىيدىن رىۋايەت قىلغان، ئۇلار ھەدىس شەرىئەتشۇناسلىق مەنبەسى ئەمەس دېگىنىدە بولسۇن، ياكى ھەدىس دەلىل قىلىشقا يارىمايدۇ ـ دېگەن سۆزىدە بولسۇن چوڭ قورالى ھېسابلايدىغان، مەيلى يېزىقچىلىقتا، مەيلى مۇنازىرىدە بولسۇن ـ ھە، دىسە ئوتتۇرىغا قويىدىغان

«ھەدىس خاتىرلەشتىن چەكلەش» ھەققىدىكى دەلىلى يەرگە

---

[1] ئىبنى قۇتەيبىنىڭ « ھەدىس ئىختىلاپىنىڭ تەئۋىلى » « ھەدىس ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتشۇناسلىقتىكى ئورنى » 61. بەت . ھەدىسنىڭ خاتىرلىنىشى 76. بەت

ئۆرۈلىدۇ[1] .

بۇلارنىڭ «ساھابىلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنىڭ شەرئىيەت ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ھەدىس خاتىرلەشنى تاشلاپ، خاتىرلەشكە، چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ ئوچۇقتىن ئوچۇق كاززاپلىق ۋە چوڭچىلىق قىلغانلىق بولۇپ، ھەدىس كىتابلىرىدىن، مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسى ئالدىدا تۇتقان پوزىتسىيەلىرىدىن، ئۆلىمالارنىڭ يازغانلىرىدىن، ئىلىملار تارىخىدىن، بولۇپمۇ ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىگە قارىتا تۇتقان ئالاھىدە ھۆرمەت پوزىتسىيەسى قاتارلىقلاردىن خەۋەردار ئادەملەر بۇلارنى ئۇچۇق ئاشكارە كاززاپلىق قىلىۋاتىدۇ ـ دەپ، كېسىپ ئېيتالايدۇ. ھەم ئۇلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەزۋەيلىگەنلىكى، ھەقنىڭ ئالدىدا قانچىلىك يالغانلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقى، ھەقنى ـ ناھەق، ئاقنى ـ قارا قىلغانلىقى ھەر كىمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

---

[1] مەن كاراچىدا پەرۋىز ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئارىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان بىرنەچچە قېتىملىق ئولتۇرۇش ۋە سۆھبەتلەرگە قاتناشقانىدىم. بۇلار ئاساسەن مۇشۇ ھەدىسنى دەلىل قىلاتتى. بۇلار كۆپ ھاللاردا، ھەدىسنىڭ ساھىبى سىلەرنى يېزىشتىن چەكلىگەن. ئۆزى ھەدىسنى يېزىشقا ئەرزىمەيدۇ ـ دەپ ئېتىراپ قىلغان. سىلەر ھەدىسكە ھەدىس ساھىبىدىنمۇ بەكرەك ھېرىسمەنمۇ سىلەر؟! دېگەن سۆزنى كۆپ تەكرالايدىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزگەرمەس خۇيى، سىز ئۇلارغا قانچىلىك دەلىللەرنى كەلتۈرۈڭ بۇلار ئۇ دەلىلنى ئاڭلىمايتتى، ياكى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ قانچىلىك پۈچەك، قانچىلىك بۇزۇق بولسۇن ئۆزىنىڭ قولىدىكى شۇ ئۆتمەس دەسمايىسىنى تەكرارلايتتى. ئاخىردا بېرىپ مۇنازىرىلەشكەن كىشىلەر ئۈمۈدىنى ئۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئادەملىرى خۇددى غەلىبە قىلغاندەك، يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىشىپ خۇشال بولۇشۇپ كېتەتتى. بۇ يەردىكى نەق مەيداندىكىلەر ـ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەبچە بىلمەيدىغانلار ـ پەرۋىزچىلەر مۇنازىرىدە مۇسۇلمانلارنى يېڭىۋالدى ، دېگەن تۇيغۇغا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ئىككىنچى بولۇپ پەرۋىزچىلەرگە ئاۋاز قوشۇشاتتى. ئۇلارنىڭ مۇنازىرىچىلىرى ھەم مەيدانغا سىغقۇدەكلا بولسا ئامال بار كۆپ ئەگەشكۈچىنى بىللە ئېلىپ كېلىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى ئۇلار ئاساسەن شاۋقۇن سۈرەن ۋە چۇقانغا تايىناتتى.

رەسۇلىمىزنىڭ ساھابىلىرى ئۇ زاتنىڭ سۆزلىرى، ئىش ھەركەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش، ئەستە ساقلاش، ۋە ئەمەل قىلىشقا قاتتىق ھېرىسمەن ئادەملەر ئىدى. بۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەر بىر ئىشنى ئاختۇرۇش، يادلاش، ئۇقۇۋېلىش، ئەمەل قىلىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئۇلارنىڭ ئۆيى يىراقراق بولغانلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا نۆۋەتلىشىپ كېلىدىغان ھالەتكە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. مانا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن.) ئىمام بۇخارى بۇ كىشىگە تۇتاشقان سەنەد بىلەن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ۋە مېنىڭ بەنى ئومەييە ئىبنى زەيد جەمەتىدىكى بىر ئەنسارى خوشنام ـ مەدىنەنىڭ ئېگىز جايلىرىنىڭ بىرىدىن ـ رەسۇلىمىزنىڭ قېشىغا نۆۋەتلىشىپ چۈشىدىغان ئىدۇق. ئۇ بىر كۈن چۈشسە، مەن بىر كۈن چۈشەتتىم. مەن چۈشكىنىمدە شۇ كۈننىڭ خەۋىرىنى ئۇ خوشنامغا يەتكۈزسەم، ئۇ چۈشكەندىمۇ ئەنە شۇنداق قىلىدىغان ئىدى[1].

مانا بۇ ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى بىلىشكە بولغان قاتتىق ھېرىسمەنلىكى، ھەدىسكە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشقا بولغان ئامراقلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ساھابىلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن بىر قىسىم مەسىلىلەر ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى رەسۇلىمىزدىن سوراپ بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ كېلىدىغان ئىدى.

ئىمام بۇخارى ئۇقبە ئىبنى ھارىستىن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئايال ئۇقبە بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئېمىتكەنلىكىنى

[1] بۇخارى چىقارغان. ئىلىم ھەققىدە، نۆۋەتلىشىپ ئىلىم ئۆگىنىش ھەققىدە **1 / 286**، **89** نۇمۇر

(يەنى ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئەسلىدە ئىملىدەش تۇققان ئىكەنلىكىنى) خەۋەر قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۇقبە شۇ ھامان مەككىدىن مەدىنىگە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئاتلىنىدۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ بۇ زاتتىن ئۆزىنىڭ بىر خوتۇن ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئېمىلدەش سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئارقىدىن بۇ ئىككىيلەننى ئېمىتكەن ئىنىكئانا ئىككەيلەننى ئېمىتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغانلىقىنى سۆزلەپ، بۇ ھەقتىكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى سورايدۇ. ئۇنىڭغا رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (ئۇ ئايال مۇنداق دېگەن بولسا قانداق قىلغۇلۇق ؟!) (ئاجراشمىساڭ نىمە ئامال، مەنىسىدە) دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەزكۇر ئايالدىن ئاجرىشىپ باشقا توي قىلىدۇ.

ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) رەسۇلىمىزنىڭ ئاياللىرىدىن (ئاللاھنىڭ رىزالىقى بۇ ئانىلىرىمىزغا بولسۇن) رەسۇلىمىزنىڭ ئائىلىدىكى ئىش ـ ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلىرى ھەققىدە سوراشقا ھېرىسمەن ئىدى. ئاياللارمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر توغرىلىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىدىن سورايدىغان ئىدى. بۇ ھەممىگە مەشھۇر ھەم ئېنىق بولغان دەلىل ياكى مىسال كەلتۈرۈش كەتمەيدىغان مەسىلە.

رەسۇلىمىزنىڭ ھەدىسىنى چىڭ تۇتۇشقا ساھابىلارنىڭ ھېرىسمەنلىكى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇلار ھېچقانداق سەۋەبنى بىلەلمىگەن تەقدىردىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغىنىنى چىڭ تۇتۇپ، قىلمىغىنىنى تەرك قىلىدىغان ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ قىلمىشىنىڭ ۋەھيي ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغانلىقىدىن سەۋەبنى سوراپمۇ

يۇرۇشمەيتتى.

ئىمام بۇخارى سەھىھۇلبۇخارىيدا ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبىرىمىز ئالتۇندىن بىر ئۈزۈك قىلغۇزغان ئىدى. ساھابىلارمۇ ئالتۇندىن ئۈزۈكلەرنى ياستىپ سېلىشقا باشلىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۈزۈكنى ئېلىۋېتىپ :«مەن ئۇ ئۈزۈكنى ھەرگىز سالمايمەن» دېدى، شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەرمۇ ئۈزۈكلىرىنى ئېلىۋېتىشتى[1].

قازى ئىياز «ئەششىفا» دېگەن كىتاۋىدا ئەبي سەئىدىلخۇدرىيدىن رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبي سەئىد مۇنداق دەيدۇ: بىر چاغدا رەسۇلىمىز ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز توساتتىن ئاياغ كىيىمىنى سېلىپ، ئۇنى سول تەرىپىگە قويۇپ قويدى. بۇنى كۆرگەن ساھابىلارمۇ ئاياغ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشتى. رەسۇلۇللاھ نامازنى ئوقۇپ بولۇپ: سىلەر نىمە سەۋەبتىن ئاياق كىيىمڭلارنى سېلىۋەتتىڭلار ؟! دېدى. ساھابىلار: ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىز سىلىنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنى سېلىۋەتكەنلىكلىرىنى كۆردۇق، دېگەنلىرىدە رەسۇلۇللاھ : «جىبرىئىل ماڭا بۇ ئاياق كىيىمدە نىجاسەت بارلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى» دېدى[2].

ئىبنى ئابدۇلبەر ئۆزىنىڭ «ئىلىمنىڭ بايانى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ مەجمۇئەسى» دېگەن كىتابىدا ئىبنى مەسئۇددىن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۇ پەيغەمبىرىمىز جۇمە كۈنىدە خۇتبە

---

[1] ئىمام بۇخارى كىتابۇل ئىئتىسام، «رەسۇلىمىزنىڭ ئىش ھەرىكىتىگە ئىقتىدا قىلىش ھەققىدە» دېگەن باپ **7298** نۇمۇردا رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد ئاياق كىيىمى بىلەن ناماز ئوقۇش ھەققىدە، **636**. ھەدىستە، ئىمام ئەھمەد **641/1** . دارىمى ناماز ھەققىدە **103** نۇمۇرلۇق ھەدىسىدە كەلتۈرگەن.

ئوقۇۋاتقان چاغدا مەسجىدكە كىرىپ كەلگەن. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئولتۇرۇڭلار» دېگىنىنى ئاڭلاپ، مەسچىتنىڭ ئىشىكىدىلا يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇ سۆزىنى ئاڭلىغان جايىدىلا ئولتۇرغان. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا قاراپ :«ئەي ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، بېرى كەل!» دېگەن ئىدى[1].

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنى ھەر قانداق شارائىتتىكى ھەدىس بولسۇن بىلىش، ئەمەل قىلىش، بۇيرۇقىغا ئاۋاز قوشۇش، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاش بۇيرۇغىنىنى قىلىپ چەكلىگىنىدىن دەرھال يېنىش، ساھابىلارنىڭ نامازدا ئاياق كىيىمىنى سالغانلىرى، ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى تەرك قىلىشقىنىغا ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىشتىكى ھېكمەتىنى چۈشەنمىگەن تەقدىردە ھەم دەرھال ئۇ زاتنىڭ بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرىگە ئاۋاز قوشۇشقا بولغان بۇ خىل يۈكسەك دەرىجىدىكى ھېرىسمەنلىكى ساھابىلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇ زاتنى ئۈلگە قىلىش ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى:﴿ لَّقَدۡ كَانَ لَكُمۡ فِي رَسُولِ ٱللَّهِ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ لِّمَن كَانَ يَرۡجُواْ ٱللَّهَ وَٱلۡيَوۡمَ ٱلۡأٓخِرَ وَذَكَرَ ٱللَّهَ كَثِيرٗا ٢١ ﴾ **الأحزاب: ٢١** تەرجىمىسى: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ :« سىلەرگە ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىدىن قورققان ئادەملەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەسۇلىدا بىر ياخشى ئۈلگىلىك روھ باردۇر.»[سۈرە ئەھزاب **21** ـ ئايەت]

ئاندىن قالسا رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز سۈننىتىگە ئەگىشىش، ۋە

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئابدۇلبەر «ئىلىمنىڭ بايانىنىڭ توپلىمى» دىگەن كىتابىدا كەلتۈرگەن.

سۈننەتنى چىڭ تۇتۇشقا قىلغان بۇيرۇقىغا ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن ئىدى .

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«مەندىن ھەج پائالىيەتلىرىڭلارنى ئۆگىنىۋېلىڭلار .»[1]

يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەر مېنىڭ قانداق ناماز ئوقۇغىنىمنى كۆرگەن بولساڭلار شۇ بويىچە ناماز ئوقۇڭلار .»[2]

يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۈنىمىغانلاردىن باشقا ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ» ساھابىلار: ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۈنىمايدىغان ئادەم كىم؟! دېيىشكەنلىرىدە ، رەسۇلۇللاھ:«ماڭا ئىتائەت قىلغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ . ماڭا ئاسىي بولغان ئادەم ئۈنىمىغان بولىدى» دېگەن ئىدى .[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ئاللاھتىن قورقۇشنى ، بىر قارا نېگىر باشلىق بولغان تەقدىردە ھەم بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ ، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن . سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ئۆمرى يار بەرگەنلەر مەندىن كېيىن يېقىن كەلگۈسىدە كۆپلىگەن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ . شۇ ھالدا سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمنى ، توغرا يول تۇتقان ، ھىدايەت قىلىنغان خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىپ ، ئۇنى ئېزىق چىشلىرىڭلار بىلەن چىشلەڭلار . يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار . ھەرقانداق يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش بىدئەتتۇر .

---

[1] نەسەئى 5/ 270 بەت ھەج پائالىيەتلىرى . ئەھمەد 318/3 . بەت

[2] بۇخاري ئەزان ھەققىدە 3 /315 ، 361 . نۇمۇرلۇق ھەدىس

[3] بۇخاري رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسگە چىڭ ئېسىلىش 7280 . ھەدىس . ئەھمەد 3/ 261 . نۇمۇر

ھەرقانداق بىدئەت زالالەتتۇر .»[1]

مانا بۇ رەسۇلىمىزنىڭ ھەدىسىگە قارىتا ساھابىلارنىڭ پوزىتسىيىسىنى بايان قىلىدىغان تالايلىغان كۆرسەتمىلەرنىڭ ئاز بىر بۆلۈكىدۇر. بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى بىلىش، ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىق، قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش، ئەستىن چىقارماسلىق ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا بولۇشلا ئەمەس بەلكى بۇ سۈننەتنى«مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، بۇ سۆزنى ئەستە ساقلىغان ۋە ئاڭلىغان پېتى باشقىلارغا يەتكۈزگەن ئادەمنى ئاللاھ كۆركەم قىلسۇن. بىر قىسىم يەتكۈزۈلگۈچىلەر بار، نەق مەيداندا ئاڭلىغۇچىدىن بەكرەك ئاڭلىقتۇر .[2] دەپ ئېيتقان رەسۇلىمىزنىڭ سۆزىگە ئاۋاز قوشۇپ، ئاڭلىغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە بولغان قاتتىق ھېرىسمەنلىك تۈسىگە ئىگە بولغان پوزىتسىيىدۇر. مانا بۇ ئارقىلىق ھەدىسنىڭ، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ يۇقىرىقى داۋراڭلىرىدا نەقەدەر كاززاپ ئىكەنلىكلىرىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

بۇلارنىڭ«ساھابىلارنىڭ چوڭلىرى ھەدىس رىۋايەت قىلىشنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى، خەلىپە ئۆمەر ـ ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن ـ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنى قورقۇتىدىغان ئىدى .[3] بىر

---

[1] **ئەبۇ داۋۇد 13/5 6407. نۇمۇرلۇق ھەدىس. ئەھمەد 2/ 162 نۇمۇر. دارىمى 43. باپ .**

[2] ئەبۇ داۋۇد ئىلىم تارقىتىشنىڭ پەزىلىتى **4/ 68 . 3660** . نۇمۇر. ئەھمەد **1/ 37** ، تىرمىزى ئىلىم **7** . باپ، ئىبنى ماجىجە مۇقەددىمە **18** . باپ . دارىمى مۇقەددىمە **24** . نۇمۇر

[3] پەرۋىزچىلەرنىڭ بىرى مۇنازىرە جەريانىدا بىزگە: خەلىفە ئۆمەر ـ ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن ـ ھەمدە پۈتكۈل ساھابىلار قۇرئانچىلارنىڭ داھىيسىدۇر. ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامدايدىغان، كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئارقىلىق ئۇممەت ئارىسىدا ئۆزگىچە بىر نوپۇز تىكلەشكە تىرىشىدىغان ئادەملەردىن باشقا ساھابىلار شۇنداق ئىدى، دېدى. ئۇ لەنىتى يەنە بۇ تۇردىكى ساھابىلار دىنىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئۇممەتنىڭ زالالىتىنىڭ سەۋەبى دېگەنىدى. (بۇ سۆزنى ھازىرقى كۈندە تۈركىيىدىكى قۇرئانچىلار ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشكەن ۋە بۆيۈك دەسمايە سۈپىتىدە قوللانماقتا.)

قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى ئىجرا قىلىپ، ئۈچ ساھابىنى كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغىنى ئۈچۈن قاماپ قويغان ئىدى» دېگەن داۋاسىغا كەلسەك، بۇ ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى كاززاپلىقلىرىغا قوشۇلىدىغان يەنە بىر كاززاپلىقىدۇر. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەممە سۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئۇلارغا خاس قايمۇقتۇرۇش تاكتىكىسىدۇر. «ساھابىلەر ھەدىس رىۋايەت قىلىشنى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى» دېگەن سۆزنى ئالساق بۇ سۆز تۇپتىن باتىل. ئەڭ توغرىسى ساھابىلار ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىن مەسئۇلىيتى ئېغىر بولغىنى، رەسۇلۇللاھ ھەققىدە يالغان ئېيتقان كىشىگە قارىتا رەسۇلۇللاھنىڭ تەھدىدى قاتتىق بولغىنى ئۈچۈن، ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىن ئەيمىنىپ ئۆزىنى تارتىدىغان ئىدى.

بۇ ھەقتە رەسۇلىمىز مۇنداق دېگەن: «كىمكى مېنىڭ ئۈستۈمدىن قەستەن يالغان ئېيتسا، بۇ ئادەم دوزاختىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېيىۋالسۇن»[1]

ساھابىلارنىڭ ئالدىدا ئىككى ئىش بولۇپ ئۇلار بۇ ئىككىلا ئىشقا ھېرىسمەن ئىدى. بىرىنچى: ئاللاھنىڭ دىنىنى ئەتراپىدىكى ئۈممەتكە يەتكۈزۈش.

ئىككىنچى: رەسۇلۇللاھتىن يەتكۈزۈۋاتقان ھەر بىر نەرسىگە قارىتا قاتتىق ئىنچىكە تەكشۈرۈش. شۇ يۈزدىن ساھابىلار ئىچىدىكى بەزىلەر رەسۇلىمىز ھەققىدە ھەدىس رىۋايەت قىلىۋاتقان ۋاقتىدا چىرايلىرى ئۆزگۈرۈپ، بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە قالىدىغان ئىدى. دېمەك توغرىسى: ساھابىلار رەسۇلۇللاھ ئۈستىدىن يالغان ئېيتىپ قېلىشتىن، ياكى رىۋايەت قىلغان سۆزلىرىدە خاتالىشىپ قېلىشتىن قاتتىق

---

[1] ئىمام بۇخارى ئىلىم ھەققىدە. پەيغەمبىرىمىز ئۈستىدىن يالغان سۆزلىگەن كىشىنىڭ گۇناھى ھەققىدىكى باب. 106. نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان.

قورقۇشقانلىقى سەۋەبلىك ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىن ئەيمىنىشىدىغان ئىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ساھابىلارنىڭ ھەدىسنى شەرئىي ئەمەس دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ياكى ھەدىسنى شەرئىي مەنبەلەردىن بىر مەنبە ئەمەس دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. خەلىفە ئۆمەرنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئەبۇ زەر ۋە ئەبۇ دەردا (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىق ئۈچ نەپەر ساھابىنى قاماپ قويغانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ خەلىقنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن يالغان، توقۇلما رىۋايەت بولۇپ، بۇنى بەزىلەر شۇ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگىنى بويىچە بايان قىلىشقان. توقۇلما ھەدىس ۋە ۋەقەلىكلەر كىتابلاردا خاتىرلەنگەن، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن پاراڭلار، ياكى بىر قىسىم كىتابلاردا بار نەرسىنىڭ ھەممىسىلا سەھىھ بولۇپ قالمايدۇ.

بۇ يالغان دەۋانى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش مەسىلىسىنى ئىمام ئىبن ھەزىم «ئەلئىھكام» دېگەن كىتابىدا ئۆز ئۇستىگە ئالغان بولۇپ بۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ دەردا ۋە ئەبۇ زەرنى رەسۇلىمىز ھەققىدە ھەدىس بايان قىلغانلىقى سەۋەبلىك قاماپ قويغانلىقى رىۋايەت قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئىبن ھەزىم بۇ رىۋايەتنىڭ مۇنقەتىئ (يەنى بىر يۈرۈش ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار قاتارىدا بىر ياكى ئىككى يەردە ئۈزۈكلۈك بار ھەدىس) ئىكەنلىكىگە ئەسكەرتىش بېرىپ ئۆتكىنىدىن كېيىن، بۇنىڭغا شەرئەن تەكشۈرۈش ۋە دىئاگنوز قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ خەۋەرنىڭ يالغان ۋە توقۇلما ئىكەنلىكى ئۆز ئۆزىدىن ئېنىق. چۈنكى بۇ خەۋەرنى تۆۋەندىكىدەك تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

**1**. ئېھتىماللىق خەلىپە ئۆمەر ساھابىلەرنى قاماش ئىشىدا ئۇلارغا

تۆھمەت قىلىپ ئەيىبلىگەن بولىدۇ، بۇنىڭ بولمىغۇر گەپ ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرۇپتۇ.

2. ئېھتىماللىق ئۇ زات ساھابىلەرنى مەلۇم ھەدىسنى يەتكۈزۈشتىن چەكلەپ، يوشۇرۇشقا زورلاپ، يەتكۈزمەسلىككە مەجبۇرلىغان. بۇ ئىسلامدىن مۇرتەدلىك بولىدۇ. ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە مۇرتەدلىكتىن پاناھلىق بەرگەن ئىدى. دېمەك، بۇ ئىككىنچى خىل سۆزمۇ ھېچبىر مۇسۇلمان دەيدىغان سۆز ئەمەس.

3. ئېھتىماللىق ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئەيىبلەنمىگەن گۇناھسىز ھالدا سولاپ قويغان بولىدۇ. بۇ ھالدا ئۆمەرۇل فارۇق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغان زالىم بولىدۇ.

چىرىك مەزھىبى ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق رىۋايەتلەرنى دەلىل قىلىۋاتقانلار، بۇ نىجىس تاللاشلارنىڭ بىرىنى تاللىۋالسۇن.[1]

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ بۇ داۋرىڭىنىڭ يالغان ئىكەنلىكى، بۇ داۋراڭ ئاساسىغا قۇرۇپ چىققانلىرىنىڭمۇ چىرىك ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

## تۆتىنچى شۇبھە :

بۇلارنىڭ بۇ شۈبھىسىنىڭ خۇلاسىسى شۇنىڭدىن ئىبارەت: «ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن ئىبارەت بىر بايراق ئاستىدا بىر ئۇممەت بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّ هَٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَأَنَا۠ رَبُّكُمۡ فَٱعۡبُدُونِ ﴿٩٢﴾ ﴾

---

[1] ئىبنى ھەزمنىڭ ئەلئىھكام 2: 193 بەت. «ھەدىس ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتشۇناسلىقتىكى

**الأنبياء: ٩٢** تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى بۇ سىلەرنىڭ ئۈممىتىڭلار بىر ئۈممەتتۇر. مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار»[ سۈرە ئەنبىيا **92** ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھاياتى بويىچە مۇشۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان. بىردىنبىر قۇرئانغىلا تايانغانلىقى سەۋەبلىك بۇ ساھەدە ئۇتۇق قازانغان. ۋە ئۈممەتنى بۇ يول ئۈستىدە قالدۇرۇپ قويۇپ كەتكەن. ئۈممەت يەككە ـ يېگانە قۇرئان بايرىقى ئاستىدا بولغان ۋاقتىدا بىر ئۈممەت ھالىتىدە داۋاملىق ماڭغان. كېيىنكى كۈنلەرگە كېلىپ ھەدىس كىتابلىرىنى خاتىرلىگۈچىلەر ئېلىپ بارغان سۈيقەست مەيدانغا كەلگەن. چۈنكى ئۇلار ھەدىسنى خاتىرلەپ، ھەدىسكە دەۋەت قىلىپ، كىشىلەرنى ھەدىس بىلەن مەشغۇل قىلىش ئارقىلىق ئۈممەتنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەبچى بولغان. پىقھىي ئۆلىمالار مەيدانغا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىلمى يەكۈنلىرىنى ھەدىس ئاساسى ئۈستىدە قۇرۇپ چىققان. نەتىجىدە ئۈممەت تېخىمۇ بەك بۆلۈنگەن. ئەگەر ئۈممەت ھەدىسنى تاشلاپ قۇرئانغىلا قايتقان بولسا تەپرىقچىلىقتىن قۇتۇلغان، ئۈممەتنىڭ بۇرۇنقى بىرلىكى ۋە ئىززىتى ئەسلىگە كەلگەن، ئىلگىرىكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى نوپۇزىنى قايتىدىن تىكلىگەن بولاتتى.

ھەدىس ئۈممەتنىڭ تەپرىقچىلىقىنىڭ، بىرلىكىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبى بولغىنى ئۈچۈن ھەدىس خاتىرلەش ئىشىنى بىرمۇ ئەرەپ قىلغىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تونۇلغىنى يوق. بەلكى ھەدىس بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسى پارىسلار ئىدى. بولۇپمۇ ئالتە كىتابنىڭ شۇنداق. ھەدىسنى توپلىغان، كىشىلەرنى ھەدىس ئارقىلىق

---

ئورنى» دىگەن كىتاپنىڭ **66** . بېتىگە قاراڭ .

بىرلىكتىن توسقانلار ئىسلامنى ئۈچ كۆرىدىغان پارىسلاردىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەدىس كىتابلىرىنى ئىسلامغا سۇيىقەسىت قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش مەقسىدىدە تۈزۈشكەن ئىدى. دېمەك ھەدىس كىتابىنىڭ خاتىرىلىنىشى پارىسلارنىڭ سۇيىقەستى بولۇپ، مۇسۇلمان ئۇممىتى بۇ سۇيىقەستكە قۇربان كەتكەن.»

ئۇلارنىڭ باشلامچىللىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ جەكرالەۋىي مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار زەيىد ۋە ئەمرىنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئېسىلىپلا يۈرسە، ئۇلارنىڭ بېشىدىكى بۇ تەپرىقچىلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق كۆتۈرۈلمەيدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر بايراق ئاستىدا بىر پىكىر ئۈستىدە ئۇيۇشالمايدۇ.

ھەشەمەت ئەلىي مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى تاكى ئۇلار ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش ھەققىدە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان كىتابلىرىنى تەرك قىلمىغۇچە ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

پەرۋىز مۇنداق دەيدۇ: بۇ كىتاپلار ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىشنى نىشانلىغان ئەجەملەرنىڭ سۇيىقەستىنىڭ بىر بۆلىكى بولسىمۇ، بۇ كىتابلارنى (ھەدىس كىتاپلىرىنى) چوڭ بىلىش مەسىلىسى ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەسەۋۋۇرلىرىدىن ھالقىپ كەتتى. ئارقىدىن پەرۋىز ئەنە شۇ سۇيىقەستنى ۋە بۇ ئاتالمىش سۇيىقەست ئېلىپ بارغۇچىلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئالتە سەھىھ كىتابنىڭ ئىگىلىرى ئەنە شۇ خىل تىل بىرىكتۈرۈشنىڭ بىر بۆلۈكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭلاشقا بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىرانلىقلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاھالىسىدىن بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. [1]

---

[1] «قۇرئانچىلار» دېگەن كىتاپنىڭ **238**. بېتىگە قارالسۇن.

## بۇ شۇبھىلەرگە رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى:

بۇ شۇبھە بىزگە: «سەن تاز دېگۇچە ، مەن تاز دەۋالاي» دېگەن ماقال تەمسىلنى ، ياكى پسىخىكا ئالىملىرى دەيدىغان «چاپلاش كېسىلى» نى ئەسكە سالىدۇ. چاپلاش كېسىلى مۇئەييەن يىتەرسىزلىكلىرى بار بولغان بەزى كىشىلەر گىرىپتار بولىدىغان بىر خىل پسىخىك كېسەللىك بولۇپ بىمار ئۆزىنى شۇ يېتەرسىزلىكتىن ئاقلاش مەقسىتىدە ، ئالدىراپ چىقىپ ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكنى باشقىلارغا چاپلاپ ، ئۇلارنى شۇ يىتەرسىزلىك بىلەن ئەيىبلەش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل كېسەللىك ھالىتىدۇر.

ئۇلار ھەدىسنىڭ ، دىنىنىڭ ۋە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۇممەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى چىققان ، ھەممىدىن يامىنى يالغاندىن ، ساختىپەزلىك قىلىپ ، ئۆزلىرىنى زورمۇ ـ زور چاپلىۋالغان ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە رەسۇلىنىڭ ھەدىسىگە قارشى چىققان ئادەملەردۇر. بۇلار ئاللاھنىڭ ، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە مۆئمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر. قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر. ئىسلامنىڭ ۋە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىرلىكىگە دەز كەتكۈزگەن ، ئىسلامى ئۇممەتنىڭ بىرلىكىنى بۆلۈپ ، جامائەتكە قارشى چىققان ئادەملەر توساتتىنلا قوپۇپ سۈننەت ئەھلىنى ، ئىسلام ئەھلىنى ، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى «بۇلار ئۇممەتنى بۆلگەنلەر» دەيدۇ. ئەسلىدە ئۆزلىرى پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسىنى رەت قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قارشى چىققان ئادەملەر تۇرۇپ ، مۇسۇلمان ئۇممىتىنى«ئۆزلىرىگە قارشى چىقتى» «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق ئىسلام ئۇممىتىنى بۆلدى» دەپ ئەيىبلىشىدۇ دۇنيادا ئاتالمىش قۇرئانچىلارنىڭ بۇ قىلغىنىدەك ئۆزىدىكى ئەيىپلەر بىلەن باشقىلارنى ناھەق

ئەيىبلەيدىغان، ئەزۋەيلەپ تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان، ھەقنى ناھەق قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئىككىنچى بىر ئىش بارمۇ؟! ﴿ ... سُبْحَٰنَكَ هَٰذَا بُهْتَٰنٌ عَظِيمٌ ﴾ النور: ١٦ تەرجىمىسى: « سەن ئەيىب نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن ئى ئاللاھ. بۇ بۈيۈك بىر بوھتاندۇر.» [سۇرە نۇر 16 . ئايەت]

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىگە ئىپسلغان مۇسۇلمانلارنى ھەدىسكە ئىپسلغانلىقى، قۇرئان بىلەنلا كۇپايىلەنمەسلىكى سەۋەبلىك تەپرىقچىلىق قىلدى دەپ ئەيىبلەۋاتقان بۇ ئادەملەرگە، ئۇممەتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بىلەنلا كۇپايىلەندۇق دەۋاتقان بۇ ئادەملەرگە ئېيتىمىز: سىلەر ئۆزۈڭلار دېگەندەك مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرلىشىپ كېتەلىدىڭلارمۇ؟ ياكى يالغان داۋرىڭڭلاردا دېگەندەك ـ بىرلىك ئىستەپ سۈننەتنى تەرك قىلغاندىن كېيىن تۈرلۈك مەزھەپ ۋە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ، ھەربىر مەزھەب ۋە گوروھ باشقا مەزھەپ گوروھلارنى يوقىتىپ ئورنىغا كىگىيشىنىڭ، ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆزۈڭلارغا تارتىشىنىڭ پېيىدە يۈرۈپسىلەرمۇ؟! ئەگەر مەقسىتىڭلار بىرلىك بولىدىغان بولسا نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلار بىر مەزھەپ بولۇپ بىرلىشەلمىدىڭلار؟!

بىز دەسلەپتە ئىسلامئابادتا بۇلارنىڭ بارلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا بۇلارنى بىر مەزھەپمىكىن دەپ ئويلىغانىدۇق. بىز ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن كاراچىدا كۆرۈشكىنىمىزگە قەدەر بۇ خىل پىكىر داۋاملىشىپ كەلگەندى. يىغىلىش تاماملىنىپ كىشىلەر تارقالغاندىن كېيىن بىز بەرىيلەۋىيلەرنىڭ ئەقىدىسىگە بىر كۆز يۈگۈرتۈپ بېقىش ئويى بىلەن بەرىيلەۋىيلەرنىڭ رەھبىرى بىير ئەبدۇددايىم (بىير ئۈيغۇرچىدىكى پىر سۆزى بىلەن مەنىداش. ت) بىلەن كۆرۈشۈش

ئۇچۇن ھارىبور شەھىرىگە مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان ئىدۇق. توساتتىن ساھىبخانا بىزگە: بۇ يەردە يەنە بۇلارنىڭ باشقا مەزھەبلىرىمۇ بار، ئەتىگىچە ساقلاپ تۇرساڭلارغۇ مەزھەپلەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن بىر ئارىغا كەلگىلى بولاتتى ... دەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنىڭ نەچچە مەزھەپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتۇق. ئارقىدىن ئۇلار ئۇممەتكە پىقھى مەزھەپلەر سەۋەپلىك ئىچ ئاغرىتىپ بۇ مەزھەپلەرنىمۇ ھەم تەپرىقىچىلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق دەپ ئاتايدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ پىقھى جەھەتتە بىر مەزھەپ بولۇش مەسىلىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىدىمۇ؟! بىز ئۇلار ئارىسىدا كونكرېت رېئاللىق بولغان نامازنى مىسال قىلىپ ئالايلى. بۇلارنىڭ بەزىسى نامازنى بەش ۋاقىت ئۆتەيمىز دېسە، بەزىسى تۆت ۋاقىت دەيدۇ. ئۇچىنچى بىرى ئۇچ ۋاقىت دېسە، تۆتىنچى بىرى بىر كېچە كۈندۈزدە ئىككى قېتىم دەيدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ نامىزىنى قۇرئان نامىزى دەپ ئاتايدۇ. نامازنىڭ رەكئەتلىرىنىڭ سانى ۋە شەكلى، (رۇكۇ، سەجدە، قىرائەت) ھەر قايسى بۆلەكلىرىدىكى ئىختىلاپ مەسىلىسىگە كەلسەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر نېمە قىلىدىغان ئادەم بار دېسە، شۇ تېپىلغۇدەك دەرىجىدىدۇر.[1]

«ھەدىس خاتىرىلىگەن، توپلىغان ۋە سەھىھ ۋە سەھىھ ئەمەس دەپ ئايرىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئۇممىتىگە قارشى تىل بېرىكتۈرگەن ئەجەملەردىن ئىدى» دېگەن گەپكە كەلسەك بۇ گەپ شەمەندىلەرچە كاززاپلىق ۋە ئىككى نۇقتىدىن نومۇسسىزلارچە تۆھمەتتۇر. «ھەدىس خاتىرىلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەجەم» دېگەن گېپى تۆھمەت. «ھەدىس توپلاش، خاتىرىلەشنىڭ ئۆزى سۈيىقەست

---

[1] قۇرئانچىلار دېگەن كىتاپنىڭ **239** .بېتى

ئىدى» دېگەن گېپى ھەم تۆھمەت.

بىرىنچى بۆلەككە كەلسەك، ئۇنى رېئاللىق ئىنكار قىلىپ تۇرۇپتۇ. ھەدىس خاتىرلىگەنلەر، توپلىغانلارنىڭ ئالدىنقى قىسمىنىڭ ئوچۇق ئەرەپلەر ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. ھىجرەت دىيارىنىڭ (مەدىنە) ئىمامى ئەنەس بىن مالىك ئۆزىنىڭ مۇئەتتا دېگەن كىتابى بىلەن ھەدىس توپلاش ئىشىنى بىرىنچى بولۇپ باشلىغان ئىدى. بۇنىڭ ئارقىدىن قۇرەيش قەبىلىسىدىن (مەككە) ھۇمەيدى ئۆزىنىڭ مۇسنەد دېگەن كىتابىنى مەيدانغا كەلتۈردى. سەلەپ سالىھلارنىڭ قالغانلىرىنىڭ دەۋرىدە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۆزىنىڭ مۇسنەدىنى مەيدانغا كەلتۈردى. مانا مۇشۇنداق قىلىپ ھەدىس خاتىرلەش ئىشى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى. ئالدىنقى ئەۋلاد بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوچۇق ئاشكارە ساپ ئەرەبلەر ئىدى.

ئالتە ھەدىس توپلىمى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ «بۇ ھەدىس توپلاملىرىنى تۈزگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئەجەم» دېگەن گېپى يالغان ۋە تۆھمەت. ئىمام مۇسلىم، ئىمام تېرمىزى، ئىمام ئەبۇ داۋۇد ھەممىسى ئەرەبلەردىن، نىمىگە ئاساسلىنىپ «ئۇلار ئەجەملەر ئىدى، ۋە ئۇلار ھەدىس توپلاش ئىشىنى مۇسۇلمانلارغا سۇيىقەست قىلىش يۈزىسىدىن قىلغان» دېيىلىدۇ؟!

بۇ ئادەملەر ئاقنى قارا، ھەقنى ناھەق قىلىپ ئۆزلىرى تېرىغان بالانى باشقىلارغا دۆڭگەيدىغانلاردۇر. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تىل بىرىكتۈرگەنلەر كىم؟ مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن چىقىپ ئۇممەتنى بۆلگەنلەر كىم؟ ئەجەبا ئۇلار ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجىلارمۇ ؟!

ئۇ ئىماملارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى يادلىغانلىقى ۋە مۇھاپىزەت قىلغانلىقى بىلەن بۇ ئەللامە ئىماملار ئارقىلىق ئاللاھ

ئۆزىنىڭ دىنىنى قوغداپ قالغان. ئاللاھ ئۇلار ئارقىلىق ئۇممەتنى بۆلۈنۈش ۋە چېچىلىشتىن ھەم ساقلاپ قالغاندۇر. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى مەمەدانلىق ۋە تۆھمەتنىڭ بىر ئەقىل ئىگىسىنى ـ مۇسۇلمان بولمىغان تەقدىردە ھەم ـ قانداق قىلىپ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمدەك ئىماملارنى «ئۇممەتنى بۆلدى ۋە ئىسلامغا قارشى تىل بىرىكتۈردى» دەپ ئەيىپلەيدىغان ھالەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىدۇر. [1]

كونكرېت رېئاللىق شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى: رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىگە كاپىر بولغان، ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان بۇ ئادەملەر دەل ئۆزلىرى ئىسلامغا قارشى تىل بىرىكتۈرگەن، سۇيىقەست قىلغان، مۇسۇلمان ئۇممەتنى بۆلگەن، دىندىن چىققان، مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن چەتنىگەن ئادەملەردۇر.

## 5. شۇبھە:

بۇ شۇبھە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادى بولماستىن بەلكى ئۇ ئىلگىرىكى بىر قىسىم ھەدىس ئىنكار قىلغۇچىلار، بولۇپمۇ ئۆزىگە مۇئتەزىلىلىكنى نىقاب قىلىپ يۈرۈپ ئارقىسىغا دىنسىز، كاپىرلىقنى يوشۇرغان، ئاندىن ئىسلامغا ھوجۇم قىلىدىغان نەززام، بىشرى مەرىيسى ۋە باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان شۇبھىدۇر.

بۇ شۇبھەلىرىدە ئۇلار: «ھەدىسكە ھۆكۈم قىلغۇزۇپ ھەدىسنىڭ

---

[1] بىز سۆھبەتلەشكەن ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى پەرۋىزچىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك دەل ئىمام بۇخارىيغىلا تىل ئۇزىتاتتى. بىزنىڭ بۇنىڭدىن ئىچىمىزنىڭ سىقىلغىنى، ئازابلانغانىمىزنى كۆرگەندە تېخىمۇ بەك ئەزۋەيلەپ كىتەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاغزىغا تاش تۇپراق تولغۇر بىر مەلئۇن «دىنىنى پەقەت مۇشۇ ئادەملا بۇزدى» دىگەن ئىدى. مەن مۇشۇ ئىبارىنىڭ ئۆزىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنى كېيىنچە ئۇلارنىڭ «نېمىشقا قۇرئانلا دەيمىز؟!» دىگەن بىر كىتابىدا ھەم ئوقۇدۇم.

ھۆكمىنى چىڭ تۇتماق شېرىك ۋە كۇپۇرغا ئېلىپ بارىدۇ. ئىسلام دىنى ھۆكۈم قىلغۇچى يەككە ـ يېگانە ئاللاھتۇر. ھاكىمىيەت يەككە ـ يېگانە ئاللاھنىڭدۇر دېگەن پىرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان، دېگەننى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ ...إِنِ ٱلْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ ...۝٥٧ ﴾ الأنعام: ٥٧ تەرجىمىسى: «ھۆكۈم پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھنىڭدۇر.»[ سۈرە ئەنئام57 ـ ئايەت]

يەنە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ... أَلَا لَهُ ٱلْحُكْمُ وَهُوَ أَسْرَعُ ٱلْحَٰسِبِينَ ۝٦٢ ﴾ الأنعام: ٦٢

تەرجىمىسى: «دىققەت قىلىڭلاركى ھۆكۈم ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر»[ سۈرە ئەنئام 62 ـ ئايەت ]

دېمەك ئىسلام دىنى: «ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاس بولىدۇ دېگەننى ئۆزىگە ئاساس قىلغان ئىكەن، رەسۇلىنىڭ ھەدىسىگە ھۆكۈم قىلغۇزغانلىق ھۆكۈمدە ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھنى شېرىك قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ كۇپرى ۋە شېرىكتۇر. بۇ شېرىك بىلەن كۇپۇردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى پەقەت ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئانغىلا ھۆكۈم قىلغۇزۇش، ھەدىسنى تاشلاپ ئېتىۋارغا ئالماسلىق بىلەن بولىدۇ» دېيىشىدۇ.

## بۇ شۇبھەگە رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى:

بۇ شۇبھە بىز باشتا توختىلىپ ئۆتكەن ئىككى مەسىلىنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ:

1. ھەدىس ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن چۈشكەن ۋەھيى ئەمەس.

شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەر ھۆكۈم قىلغۇزىدىغان شەرىئەت ھەم ئەمەس .

2 . رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش قاتارىدىن ئەمەس. بەلكى رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتى ئارىسىدا قارىمۇ ـ قارشىلىق ۋە زىددىيەت بار. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ئاللاھنىڭ ئىتائىتىنى بۇزغانلىق بولىدۇ.بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نوقتىئىنەزىرىدە رەسۇلنىڭ ئىتائىتىنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بۇ ئىككى مەسىلە ھەققىدە بىز يۇقىرىدا خېلى تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەن بولدۇق. يۇقىرىدا بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن پەيغەمبىرىمىزگە قىلىنغان ۋەھيي ئىكەنلىكىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ پەقەتلا ۋەھيي بىلەنلا سۆزلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ ھەققىدە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش يېتەرلىك بولسا كېرەك: ﴿ وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلۡهَوَىٰٓ ۝٣ إِنۡ هُوَ إِلَّا وَحۡيٞ يُوحَىٰ ۝٤ ﴾ النجم: ٣ ــ ٤ تەرجىمىسى: « بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ نەپسى ـ خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. بۇ كىشىنىڭ دېگىنى پەقەت ئاللاھتىن ۋەھيي قىلىنغان ۋەھيىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. » [نەجىم سۈرىسى3 ـ 4 ـ .ئايەتلەر]

ئەنە شۇنىڭدەك بىز قۇرئان ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بولغىنىغا ئوخشاش ھەدىسمۇ ئاللاھنىڭ شەرىئىتى دېگەنلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بىز يەنە ھەدىس شەرىئەتشۇناسلىقتا دەلىل بولۇش ۋە شەرىئەتشۇناسلىقنىڭ مەنبەسى بولۇش نۇقتىسىدىن قۇرئانى كەرىم بىلەن بىرخىل ئورۇندىدۇر ـ دەپ بايان قىلدۇق. بۇ يەردە ئاللاھنىڭ

ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە خىتاب قىلىپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى بايان قىلىشىمىز كۇپايە قىلىدۇ: ﴿ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا ﴿٦٥﴾ ﴾ النساء: ٦٥ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭ نامىدىن قەسەمكى ئۇلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئارقىدىن سەن چىقارغان ھۆكۈمدىن كۆڭۈللىرىدە قىلچە غۇم ھېس قىلماي، مۇكەممەل شەكىلدە بويسۇنمىغۇچە مۆئمىن بولالمايدۇ.» [سۇرە نىسا 65 ـ ئايەت]

يەنە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ﴿٥١﴾ ﴾ النور: ٥١ تەرجىمىسى: «مۆئمىنلەرنىڭ ئارىلىرىدا ھۆكۈم چىقىرىپ قويسۇن ئۈچۈن ئاللاھ ۋە رەسۇلى تەرەپكە چاقىرىلغان ۋاقتىدىكى دېيىشكە تېگىشلىك سۆزى: بىز ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەنە شۇلارلا نىجات تاپقۇچىلاردۇر.» [سۇرە نۇر 51 ـ ئايەت]

بۇ ئايەتلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكى، دىنىغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە رەسۇلۇللاھ دېگەن، ياكى قىلغان ھەر قانداق ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەن ھەق ئىكەنلىكى ھەققىدە قىل سىغمايدىغان قۇرئانى كۆرسەتمىلەردۇر. يەنە شۇنىڭدەك ئايەتلەر رەسۇلۇللاھقا ھۆكۈم قىلغۇزۇش، چىقارغان ھۆكمىگە رازى بولۇش، تەسلىم بولۇپ بوي ئېگىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا رەسۇلۇللاھقا ھۆكۈم قىلغۇزمىغان، رەسۇلۇللاھ

چىقارغان ھۆكۈمگە رازى بولمىغان ئادەمنىڭ ئىسلامدىن چىققان ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئادەمنىڭ ئىسلامدىن نېسىۋىسىنىڭ ئەسلا يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئىتائىتىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپلىقى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىتائىتىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىتائىتى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىز يۇقىرىدا خېلى كۆپ توختالدۇق. بۇ يەردە ئۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسلىتىپ ئۆتىشىمىزنىڭ ئۆزى كۇپايە ﴿ مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ حَفِيظٗا ۝٨٠ ﴾ النساء: ٨٠ تەرجىمىسى: «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئىتائەتتىن يۈز ئۆرىسە بىز سىزنى ئۇلارغا قوغدىغۇچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق.» [سۈرە نىسا 80 ـ ئايەت]

بۇ ئايەتلەر كەسكىن ھالدا شۇنى كۆرسىتىدۇكى، پەيغەمبەرگە ھۆكۈم قىلغۇزماق ئۇ زاتقا ئىتائەت قىلماق، ئاللاھقا ھۆكۈم قىلغۇزماق ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلماق دېمەكتۇر. ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ ... مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ... ﴾ النساء: ٨٠ تەرجىمىسى: «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.»

ئاتالمىش قۇرئانچىلار قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى قالايمىقان قىلىپ دېيىشىدۇكى: «پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان ئادەم ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» ـ ئاللاھ ساقلىسۇن ـ بۇلارنىڭ بۇ تۈرلۈك زالالىتىدىن بەك ئەشەددىي زالالەت يوقتۇر .

## 6 . شۇبھە :

بۇ شۇبھىنى ئۇلار مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتتىن ئىبارەت بولغان ھەدىسلىرىنىڭ زامان ۋە ماكان جەھەتتە ھەممە زامان ماكانغا ماس كېلىدىغان ئومۇمىيلىق سۈپىتى يوق. چۈنكى ھەدىسلەر رەسۇلىمىز بىلەن بىللە بولغان ساھابىلەرنىڭ شارائىتىغا ماس رەۋىشتە رەسۇلۇللاھ ئۆز دەۋرىدە چىقارغان ئەھكاملاردۇر. بۇ ئەھكاملار ساھابىلەرنىڭ شارائىتى، ئۇلارنىڭ دەۋرى، ياشىغان ئورنى، ۋە خۇسۇسىي ئەھۋالىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئىدى. ئۇ دەۋر شەخسلىرى، شارائىتى ۋە ئەھۋالى بىلەن قوشۇلۇپ كەلمەسكە كەتتى. زامان ئۆزگەردى، شارائىت ئۆزگەردى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئاشۇ زامانغا خاس بولغان بۇ سۆز ۋە ھەرىكەتلەر بىزنىڭ بۇ زامانىمىزغا ۋە شارائىتىمىزغا ماس كەلمەس بولۇپ قالدى.»

بۇ شۇبھىگە چېتىلىپ چىقىدىغان يەكۈن: «ئۆز زامانىدىكى ساھابىلارغا ۋاجىب بولۇپ كەلگەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئىتائىتى بىزگە ۋاجىپ ئەمەس. ساھابىلارغا زۆرۈر بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ يولىيۇرۇقى بىزگە زۆرۈر ئەمەس.» دىن ئىبارەتتۇر.

### بۇ شۇبھىگە رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى :

بۇ شۇبھىنىڭ تېگى يەنىلا ھەدىس ۋەھيى ئەمەس، ھەدىس شەرىئەت ئەمەس دېگەننى ئۆزىگە ئاساس قىلغان. بىز بۇ گەپلەرگە مۇۋاپىق رەددىيە بېرىپ ئۆتكەن بولدۇق. لېكىن بۇ شۇبھە يۇقىرىقىلاردىن سىرت يەنە باشقا مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، شەخسى سەۋەبلەر ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرئىي ئەھكاملار مەسىلىسىدۇر. بۇ خىل شەخسىي سەۋەبلەر ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى قۇرئانى كەرىم ئىلمىدە

ئەسبابۇننۇزۇل (ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرى) دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئانى كەرىمدە كەلگەن ئەھكاملارنىڭ زور بىر بۆلۈكى مۇشۇ خىل شەخسى سەۋەپلەر شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭغا سۇرە مۇجادەلەنىڭ بېشىدىكى زىھار تالىقىنىڭ ئەھكاملىرىغا ئوخشاش شەخسى سەۋەبلەر ھەققىدە نازىل بولغان ئەھكاملارنى مىسال كۆرسىتىش مۇمكىن. لېكىن ئۆلىمالار بۇ ئەھكاملار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىغا، ئۇلارنىڭ زامانىغا خاس ئىدى، بىزنىڭ زامانىمىزغا ماس كەلمەس بولۇپ قالدى ... دېگەندەك سۆزلەرگە قوشۇلمايلا قالماي بەلكى ئۇلار «شەرىئەتشۇناسلىقتا ھېسابقا ئېلىنىدىغىنى سەۋەپنىڭ خۇسۇسىيلىقى ئەمەس لەبزىنىڭ (يەنى سۆزنىڭ) ئومۇمىيلىقىدۇر» دېگەندىن ئىبارەت ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا مەلۇم بولغان مەشھۇر بىر ئاساسىي قائىدىنى يەكۈنلەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ يېشىمى: شەرىئەتنىڭ ھۆكمى مۇئەييەن بىر شەخسى ۋەقە سەۋەپلىك مەيدانغا كېلىدۇ. ئارقىدىن بۇ ھۆكۈم شۇ تۈردىكى ئوخشاش مەسىلىلەرگە تاكى ئاخىر زامانغا قەدەر بىردەك تەتبىقلىنىدۇ ـ دىن ئىبارەتتۇر.

قۇرئانى كەرىمنىڭ ئەھكاملىرى ھەققىدە دېيىلگەن مانا مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئۆلىمالار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىيسى ھەققىدە ھەم دېگەن بولۇپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرگە قىلغان ۋەھيىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ جەھەتتە ئالىملار قۇرئان بىلەن ھەدىس ئارىسىنى ئايرىپ قارىغىنى يوق. قۇرئانمۇ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى، ھەدىسمۇ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىدۇر. بىز بۇ تېمىنى يۇقىرىدا خېلى ئوبدان بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ھەدىسنى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ دەۋرىدىلا ئىناۋەتلىك ئىدى، كېيىن ئەمەلدىن قالغان ـ دىسەك، چوقۇمكى قۇرئانى كەرىم ھەققىدە ھەم مۇشۇنداق سۆزلەرنى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى شەرىئەتشۇناسلىق ۋە دەلىل بولۇش بولماسلىق نۇقتىسىدىن قۇرئان

بىلەن ھەدىس ئارىسىدا بىر تۇتاشلىق مەۋجۇت. ھەر بىر زامان ۋە ماكاندىكى جىن ۋە ئىنسانلاردىن ئىبارەت بولغان مەخلۇقلارغا خىتاب قىلىشتا ھەم بىر تۇتاشلىق مەۋجۇت. ئەكسىچە ھالدا قۇرئان كەرىمدىكى ئىسلام ئۈممىتىنى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا ئۈندەش تىمىسىدا كەلگەن قۇرئانى كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە نېمە دەيمىز؟!

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴾ **النور: ٥٦** تەرجىمىسى: «ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) رەھىم قىلىنىشىڭلاردىن ئۈمىد بار.»[سۈرە نۇر **56** ـ ئايەت]

مەزكۇر ئايەتتىكى بۇ بۇيرۇق ياكى ھەر زامان، ھەر ماكانغا ماس كەلگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى ئىنسانلار قىيامەت كۈنى ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھوزۇرىدا تۇرغىنىغا قەدەر بولغان بولىدۇ. بۇ ھالدا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇق بىلەن قوشۇلغان سۆز ھەم قىيامەتكىچە دائىمىي مەۋجۇت ۋە ئىناۋەتلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى گېپى باتىل بولۇپ چىقىدۇ. ياكى ھەدىس ـ ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ـ رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىناۋەتسىز بولىدىغان بولىدۇ. ئۇ ھالدا، ھەدىسكە ئەگەشمەك ۋە ھەدىس ساھىبى رەسۇلۇللاغا ئىتائەت قىلماق يۇقىرىقىدەكلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىناۋەتسىز (ئەمەلدىن قالغان) بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئىش مۇشۇ بويىچە مېڭىپ ئاقىۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھەدىس ھەققىدە دېگەنگە ئوخشاش سۆزنى قۇرئان ھەققىدە ھەم دېيىشكە ئېلىپ بارىدۇ. (يەنى ھەدىس رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىكى كىشىلەرگە خاس ئىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەمەلدىن

قالغان، بىزگە ماس كەلمەيدۇ دېگەندەك قۇرئان ھەم رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىناۋەتسىز بولغان دىيىشكە توغرا كېلىدۇ.) شۇنچە كۆپ ۋە ھەرخىل شەكىلدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىتائىتىگە بۇيرۇيدىغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى، شۇنىڭدەك پەيغەمبەرگە ھۆكۈم قىلغۇزۇشقا ئۈندەيدىغان ۋە بۇنى ئىماننىڭ ئالامىتى دەپ كۆرسەتكەن ئايەتلەر، ۋە يەنە پەيغەمبىرىمىزنى ياخشى بىر ئۈلگە دەپ كۆرسەتكەن ئايەتلەر ھېچقانداق مەنىسىز، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ دەۋرىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنۇملۇك قوللىنىش دەۋرى ئۆتۈپ كەتكەن ئايەتلەر بولۇپ قالىدۇ. بۇ گەپنى ھېچبىر ئەقلى بار ئادەم قىلىدىغان گەپ ئەمەس. ئۇلارمۇ بۇ گەپنى دېمەيدۇ، ئۇلار ئەقىللىق، ئاگىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنى قۇرئانچىلار (قۇرئانغىلا ئەگىشىدىغان ئادەملەر) دېگىنى ئۈچۈن، يالغۇز قۇرئانلا ھەربىر زامان ۋە ماكانغا ماس كېلىدۇ ـ دەپ قارىغىنى ئۈچۈن دېمەيدۇ. ئۇلار ھەدىسنى ئۆرۈش ئۈچۈن قولىغا ئالغان بۇ قازما (جوتۇ) نىڭ ئۆزلىرى زورمۇ ـ زور ۋە يالغاندىن ئۆزلىرىنى تەۋە دەپ تۇرىۋېلىۋاتقان قۇرئاننى ئۆرۈش ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان قازما بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. لېكىن ئاللاھ كاپىرلار خالىمىغان تەقدىردىمۇ ئۆز كىتابىنى ۋە رەسۇلىنىڭ ھەدىيسىنى قوغداش ئارقىلىق ئۆز دىنىنى قوغداپ قالغۇچىدۇر.

## 7. شۇبھە

ئۇلارنىڭ بۇ شۇبھىسى ئاساسەن شۇنىڭدىن ئىبارەت: ئاللاھ ئۆز كىتابى بولغان قۇرئاننى ساقلاشقا كېپىل بولدى، ۋە مۇنداق دېدى:﴿ إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ۝٩ ﴾ **الحجر:** ٩ تەرجىمىسى:

«بىز بۇ (قۇرئاندىن ئىبارەت) زىكرىنى نازىل قىلدۇق، بىز ئۇنى چوقۇم قوغدىغۇچىدۇرمىز»[سۈرە ھىجر 9 ـ ئايەت]

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئانى كەرىم ئاللاھنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىدىكى بىردىنبىر ھەقىقەت بولۇپ قالدى. بىر ھەرىپ كىرگۈزۈلمىدى، ئۆزگەرتىلمىدى بىر كەلىمە ئارتۇق كىرىپ قالمىدى،بىر كەلىمە قىسقارتىپ ئېلىۋېتىلمىدى، لەبزى ۋە مەنىسىدىن باشقىچە ھەم رىۋايەت قىلىنمىدى. ھەدىسكە كەلسەك، ئاللاھ ئۇنى ساقلاشقا كېپىللىك قىلمىدى. شۇڭلاشقا، ھەدىسكە بىر نۇقتىدىن ساپلا توقۇلمىلار يەنى رەسۇلۇللاھ لەبزىنىمۇ، مەنىسىنىمۇ دېمىگەن تېمىلار ئارىلىشىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر نوقتىدىن ھەدىسنىڭ ئەسلى لەبزى ئۇنتۇلۇپ كېتىپ مەنىسى بويىچە رىۋايەت قىلىندى.(بۇ تېخى بۇ ھەدىسنى راستتىنلا رەسۇلۇللاھ دېدى دېگەن تەقدىردە) نەتىجىدە ھەدىس لەبزىنىڭ ئۇنتۇلغان بولۇشى، پەيغەمبىرىمىز كۆزلىگەن مەناسىغا نىسبەتەن ئۇقۇشماسلىق مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەتتاكى بارلىق ھەدىسلەر ـ بەزىسى لەبزى ۋە مەنىسى بىلەن ئۆيدۈرۈپ چىقىرىلغانلىقى، بەزىسى ئەسلى لەبزى ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلىكتىن مەنا ئۆيدۈرۈلگانلىقى، ھەدىسنى مەنىسى بىلەن رىۋايەت قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك ـ ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىدىن ئۆيدۈرۈپ چىقىرىلغان دېسەك خاتا بولمىغۇدەك ھالەتكە كەلدى.

پەرۋىز مۇنداق دەيدۇ: بىلگىنكى، ئاللاھ قۇرئاندىن ئۆزگە ھېچبىر شەيئىنى ساقلاشقا كېپىللىق بەرمىدى. شۇڭلاشقا ئاللاھ ھەدىسلەرنى جەملىمىدى، جەملەشكە ھەم بۇيرۇمىدى، ساقلاشقا ھەم كېپىللىك بەرمىدى.

ئابدۇللاھ جەكرالەۋىي مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبىرىمىز دۇنيادىن

كىتىپ بىر نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن كىشىلەر بۇ ھەزىل چاقچاقلارنى ئۆز ئىچىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، تۈپتىن مۇناسىۋەتسىز بولغان پەيغەمبىرىمىزگە چاپلاپ قويۇشتى.

مەقبۇل ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: ھەدىس كىتاپلىرىدىن ئىبارەت بۇ يالغان كۆۋەجەپ تۇرغان دېڭىزدىن سەھىھ ھەدىسنى تازىلايمەن دېمەك زەھەر سېلىنغان تاماقنى زەھەرسىزلەندۇرۇپ يېيىشكە ئوخشايدۇ. ئەمما ھوشيارلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بۇ تاماقتىن ئەسلا يېمەسلىكنى تەقەززا قىلىدۇ.[1]

ئۇلار يەنە مۇنداق دېيىشىدۇ: ئاللاھنىڭ قۇرئاننى ساقلاشقا كېپىللىك بېرىپ ، ھەدىسنى ساقلاشقا كېپىللىك بەرمىگەنلىكى شۇنىڭغا روشەن دەلىلكى دىننىڭ ھەدىسكە ئېھتىياجى يوق. ھەدىس دىندىن ئەمەس. شۇنداقلا ھەدىس دىن ئۈچۈن زۆرۈر ئەمەس. چۈنكى ھەدىس دىننىڭ قاتارىدىن بولسا، دىن ئۈچۈن زۆرۈر بولسا ئاللاھ ھەدىسنىمۇ قۇرئاننى قوغدىغاندەك قوغدىغان بولاتتى.[2]

## بۇ شۈبھىگە رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى:

ئاللاھ قۇرئاننى ئۆز لەبزى ۋە مەنىسى بىلەن نازىل قىلدى. قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىم ئۆزگەرتىلگەن ياكى بۇرمىلانغان بولۇشتىن، ئاللاھنىڭ قوغداپ ساقلىشىغا سازاۋەر بولغان. قۇرئانى كەرىم ئەنە شۇنىڭدەك بولغىنى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى

---

[1] قۇرئانچىلار دىگەن كىتاپ **250** . بەت.

[2] ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلار مۇشۇ ساھەگىلا مەركەزلىشىپ، بۇنى ئاللاھتىن ئۈممەتكە قۇرئانغىلا چىڭ ئېسىلىپ، باشقىنى تەرك قىلىشقا بولغان كەسكىن يوليورۇق دەپ ھېسابلىشىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى: نېمە ئۈچۈن ئاللاھ قۇرئاننى قوغداپ، ھەدىسنى

مەنسى بىلەن رىۋايەت قىلىش جايىز بولمايدۇ. ھەدىسكە كەلگىنىمىزدە، ھەدىسمۇ ئاللاھنىڭ ئۆز رەسۇلىغا قىلغان ۋەھىيسى. ئاللاھ ھەدىسنى ھەدىس ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكام ۋە بەلگىلىمىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋەھىي قىلغان. ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئۆز كالامى بىلەن ئىپادىلەپ چىققان. ھەدىس ئاللاھنىڭ كالامى بولمىغىنى ئۈچۈن ئۆلىمالار ھەدىسنى مەنىسى بويىچە رىۋايەت قىلىشنى جائىز دېگەن بولسا، بۇ جائىز دېگەن ھۆكۈمنىمۇ ئالىملار قائىدىسىز ياكى چەك ـ چېگراسىز رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويغان بولماستىن، بەلكى ئالىملار مەنىسى بويىچە ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ئۈچۈن بىر بۆلۈك قائىدە ۋە شەرتلەرنى تۇزۇپ چىقىشقان. مەنىسى بويىچە ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى كىشىدە مۇشۇ قائىدە ۋە شەرتلەر تېپىلمىغان ئەھۋالدا، مەنىسى بىلەن ھەدىس رىۋايەت قىلىش جائىز بولمايدۇ.

بۇ شەرتلەرنىڭ بىرى، مەنىسى بىلەن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئادەم ئەرەبچىنى بىلگەن بولۇشى، ئەرەب تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنى ۋە سۆزلۈكلەرنىڭ كۆرسىتىش دائىرىسىنى ياخشى بىلگەن بولۇشى، بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مەنىداشلىق، ئورتاقلىق، پەرق ۋە باشقا باغلىنىشلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغان بولۇشى لازىم. ئەگەر ھەدىسنى مەنىسى بىلەن رىۋايەت قىلغۇچى مۇشۇ ئىلىملارغا ئىگە بولسا، ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ رىۋايەت قىلىشى جائىز. چۈنكى ئۇ ئادەم بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن مەسىلىلەرنى بىلىشى بىلەن بۇ سۆزلىگەن ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە خاتالىقتىن ساقلىنالايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمدە بۇ شەرتلەر تېپىلمايدىكەن، ئۇنىڭ باشقىلارغا

---

قوغدىمايدۇ؟، بۇ گېپىمىزگە جاۋاب بېرىڭلار، بىز سىلەرگە ماقۇل دەيلى دەيدۇ.

ھەدىسنى مەزمۇنى بويىچە رىۋايەت قىلىپ سۆزلەپ بېرىشى جائىز ئەمەس.

«ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ ھەدىسىنى قوغدىمىدى» دېگەن سۆز مەسلىگە كەلگىنىمىزدە، ئەگەر بۇنىڭدىن مەقسەت «ئاللاھ ھەدىسنىڭ لەبزىنى قوغدىمىدى» دېيىش بولسا بۇ دۇرۇس. بىز يۇقىرىدا ھەدىسنىڭ چوقۇم مۇئەييەن سۆزلۈكلەر بىلەنلا رىۋايەت قىلىنغان بولىشى شەرت ئەمەس. بەلكى ئۇ مەنىگە دەخلى يەرمەيدىغان باشقا سۆزلۈكلەر بىلەن رىۋايەت قىلىنغان تەقدىردىمۇ سۆزلۈكلەرنىڭ سىستېمىلاشقان مەنىسى بولسىلا بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. خەتىپ ئەلبەغدادى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) ئورۋە ئىبنى زۇبەيرگە مۇنداق دېگەن: بىلىشىمچە سەن مەن سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسنى يازىدىكەنسەن. قايتىپ بېرىپ يەنە قايتا يازىدىكەنسەن؟!. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۋە ئائىشە ئانىمىزغا: مەن ھەدىسنى سىلىدىن بىرخىل شەكىلدە ئاڭلايمەن،قايتىپ بېرىپ باشقىلاردىن بۇنىڭدىن باشقىچە ۋارىيانتتا ئاڭلايمەن دېگەن. ئائىشە ئانىمىز: سۆزلىگەن مەنادا پەرق بارلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟ دىگىنىدە، ئورۋە: ياق، دېگەن. ئائىشە ئانىمىز: ئۇنداق بولسا كېرەك يوق، دېگەن ئىكەن. خۇلاسىلىگىنىمىزدە ھەدىس رىۋايىتى شۇ سۆزنىڭ ئۆزى بىلەن بولسا، ياكى لەبزى ئوخشىمىغان مەنىداش سۆزلۈكلەر بىلەن بايان قىلىنغان بولسا بۇنىڭدا كېرەك يوق.

ئەمما ھەدىسنى «ئاللاھ قوغدىمىدى» دېگەندىن مەقسەت ئاللاھ ھەدىسنى مۇتلەق قوغدىمىدى، سۆزلۈكلىرىنىمۇ ۋە مەنىلىرىنىمۇ قوغدىمىدى، ھەدىس زايا بولدى دېگەندىن ئىبارەت بولسا بۇ ئاللاھنىڭ ئۈستىدىن، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۈستىدىن، مۇسۇلمان

ئۇممىتىنىڭ ئۇستىدىن يالغان ئېيتقانلىق ۋە سۆز توقۇغانلىق بولىدۇ. ئىسلامدا تارىختىن بۇيانقى ھەدىس ئۆلىمالىرى ئۇستىگە ئېلىپ قىلغان ئاللاھىدە كاتتا خىزمەتلەرگە تانغانلىق ۋە يۈزسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ ئۆز كىتابىنى قوغداشقا كېپىل بولدى. ئۆز كىتابىنى قوغداشقا كېپىل بولۇش ئارقىلىق ئىچكى جەھەتتىن يەنە پەيغەمبىرىنىڭ ھەدىسىنى قوغداشقا ھەم كېپىل بولدى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى بۇ كىتاب ئۆزىنى بايان قىلىدىغان ھەدىسكە ئېھتىياجلىق ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَٱلزُّبُرِ ۗ وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٤٤﴾ ﴾ **النحل: ٤٤** تەرجىمىسى: «بىز سىزگە قۇرئانى كەرىم دىن ئىبارەت بۇ زىكرىنى ئىنسانلار ئۇچۇن ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى بايان قىلىپ بېرىشىڭىز ۋە ئىنسانلار تەپەككۇر قىلىپ باقسۇن ئۇچۇن نازىل قىلدۇق.»[سۈرە نەھل **44** ـ ئايەت]

دېمەك ھەدىس قۇرئان ئۇچۇن زۆرۈر. ھەدىس ۋە قۇرئان يەنە دىن ئۇچۇنمۇ زۆرۈردۇر. ئاللاھنىڭ كىتابىنى بايان قىلىدىغان ۋە تەپسىلىي چۈشەندۈرىدىغان ھەدىسىنى قوغداش ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى قوغداشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھەدىس قۇرئانغا مۇھتاج بولغىنىدەك قۇرئان ھەدىسكە موھتاجدۇر. ئاللاھنىڭ ئۆز كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ھەدىسىنى ـ ئاللاھ قۇرئان ئارقىلىق مۇكەممەللەپ قىلغان، ۋە قۇرئان ئاساسىدا ھېساب ئالىدىغان جانلىقلار بىلسۇن ئۇچۇن ـ قوغدىشى ئاللاھنىڭ دىنىنى قوغدىغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۈبھىسىزكى بۇ دىن قۇرئان ۋە ھەدىسكە موھتاجدۇر. شۇڭلاشقا

ئاللاھ تەقدىر قىلىپ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن، بۇ سۈننەت يولىدا مەيلى بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن بىلىم ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا تەڭدىشى كۆرۈلمىگەن تىرىشچانلىقلارنى ھەدىسنى قوغداش ۋە ساقلاش يولىدا كۆرسەتكەن بۇ ئەللامە ئۆلىمالارنى مەيدانغا چىقارغان. بۇ ئالىم ـ ئۆلىمالار ئاللاھنىڭ تەۋفىيقى ھىدايىتى ۋە قوللىشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ قەدەر كاتتا خىزمەتنى بېجىرىپ بولالمايتتى. بۇلار ھەدىسنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بىر يۈرۈش قائىدە تۈزۈم تۈزۈپ چىققان بولسا، سەھىھ ھەدىسلەرنى دەرىجىللىرى بىلەن، زەئىپ ھەدىسلەرنى دەرىجىللىرى بىلەن، ساختا توقۇلما ھەدىسلەر ئىچىدىن ئايرىش ئۈچۈن ھەم قائىدە تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىشقان. بۇلار ئۆز تېمىسىدا مۆجىزىلىك بولغان مەرىپەت قوراللىرى ۋە ئىلمىي يوللارنى كەشىپ قىلىشقان. بۇنداق ئىشلارنى بۇرۇنقى مەيلى ئەرەبلەر ۋە ياكى باشقا مىللەتلەر، ياكى باشقا ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ۋە پەلسەپىلىرى بار، دىنلىرى بار كىشىلەرنىڭ ھېچبىرى ئورۇنلىيالىغان ئەمەس ئىدى.

بۇرۇنقى دىنلارغا ئىتىقاد قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قولىيازمىلىرى ۋە دىنىي خاتىرىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتتىق ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، ئۇلار ئىسلام ئۆلىمالىرى يېتىپ بارغان بۇ پەللىگە، ھەتتاكى ئۇ پەللىنىڭ يېنىغىمۇ يېتىپ بارالمىغان ئىدى. بارلىق مىللەتلەر شۇنىڭغا شاھىدلىق بېرىدۇكى، ھەدىس ئۆلىمالىرى ھەدىس توپلاش، تۈزەش، ئايرىش، سەھىھنى زەئىپ ۋە يالغان ھەدىسلەر ئىچىدىن ئايرىپ چىقىش... قاتارلىق جەھەتلەردە بۇندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر قىلىش تۇگۇل ئويلاپمۇ باقمىغان نەرسىلەرنى مەيدانغا چىقارغان ئىدى. بۇ ئىشلار ئاللاھنىڭ تەۋپىقى، ھىدايىتى، ياردىمى ۋە كۆرسەتمىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى

مۇمكىنمۇ؟ بۇلارنىڭ روياپقا چىقىشى ئاللاھنىڭ ئۆز ھەدىسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن شۇ ئالىملارغا بەرگەن تەۋپىقىدۇر. ھەدىسنى قوغداش قۇرئاننىڭ ئۆزىنىڭ بايانى ۋە تەپسىلاتىدا ھەدىسكە ئېھتىياجلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ دىنى بولغان ئىسلامنىڭ قۇرئان ھەدىسكە ئىككىلىسگە ئېھتىياجى بولغىنى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۆز كىتابى بولغان قۇرئاننى قوغدىغانلىقىدۇر.

ئۇلارنىڭ ھەدىس قالايمىقان بولۇپ كەتتى، سەھىھ قايسى، زەئىپ قايسى بىلگىلى بولمايدۇ ـ دېگەن گېپىگە كەلسەك، بۇ ئېنىق كاززاپلىق ۋە تۆھمەتتۇر. بەلكى كۆرەڭلىك ۋە مەمەدانلىقتىن ئىبارەتتۇر. ھەدىس ئۇقۇمى جەھەتتە بىلىمى ئاز ـ تولا بىر نەرسە بىلىدىغان، ئۇنچە ئەقىللىق سانىلىپ كەتمەيدىغان ئادەملەرنىڭمۇ پۈتكۈل ھەدىس كىتابلىرىنى ياكى ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىسكە دائىركىتاپ بار بىرەر كىتابخانىنى بىر رەت زىيارەت قىلىشى ـ بۇ يازمىلارنىڭ كاتالوگى ۋە ئۇ يازمىلار ھەققىدىكى بەزى ماتېرىياللارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ھەدىسىنى قوغداپ قالغانلىقىنى، سەھىھ ھەدىس كىتابلىرى ۋە سۈنەنلەرنىڭ (ھەدىس توپلاملىرىنىڭ) مەۋجۇتلۇقىنى، بۇ كىتابلاردىن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى، رەسۇلىنىڭ دۈشمىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى بولغان ھەدىس ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلارنىڭ خالاش خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر دىن ۋە دۇنيالىقتا ئۆزلىرىگە مەنپەئەتلىك ئوزۇقلۇقنى مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

# خاتىمە

بۇلار قۇرئانچىلاردىن ئىبارەت ھەدىس ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ مەزھىپى سۆزلەپ كېلىۋاتقان بىر بۆلۈك شۇبھىلەردۇر. قۇرئانچىلار مەزھىبىنىڭ ھەرىكىتى ھىندىستاندا مىلادى 19. ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20. ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن. ئارقىدىن ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلىرى ۋە جەمئىيەتلىرى بىلەن بىرلىكتە ھىندىستاندىن مۇستەقىل بولغان پاكىستانغا كۆچكەن. پاكىستاندا پەرۋىزچىلەر نامى ئاستىدا ئۆزىنىڭ بۇ ۋەيران قىلغۇچ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارماقتا. بىز بۇ ئىزدىنىش تېمىمىزدا بۇلار بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ياكى ئىلگىرى ئۆتكەن باشقا ئادەملەردىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئاندىن ئۆزلىرى تۈزىتىش كىرگۈزۈپ قوشۇپ بېيىتقان بىر بۆلۈك شۇبھىلەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىمىز بىلەن كۇپايىلەندۇق.

بىز ھەربىر شۇبھىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا بېرىدىغان رەددىيىمىز بىلەن ئۇنىڭ يالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بەرگەن رەددىيەلىرىمىزنىڭ ئاساسەن قارشى تەرەپ «بىزگە بىزدە يوق نەرسىلەرنى چاپلىدى دەپ باھانە كۆرسەتمىسۇن» دىگەنلىكىمىز ئۈچۈن يالغاندىن زورلۇق بىلەن ئۆزلىرىنى چاپلاپ، تەۋە دەپ تۇرىۋالغان، بىردىنبىر ئېسىلىدىغىنىمىز دەۋالغان قۇرئانى كەرىم بىلەن بولۇشىنى مەقسەت قىلدۇق.

بىز ئىزدىنىش داۋامىدا بۇ مەزھەپ ھەققىدە بىر بۆلۈك ھەقىقەتلەرنى بايقىدۇق. بىز بۇ ھەقىقەتلەرنى تۆۋەندە ئىخچام شەكىلدە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1 . ئەڭ باشتا ھىندىستاننى مۇستەملىكە قىلغان ئىنگلىزلارنىڭ قولى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن بۇ مەزھەب ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ، مۆئمىنلەرنىڭ دۈشمىنى بولغان كاپىرلارنىڭ ئويۇنلىرىدىن بىر ئويۇن. بۇ مەزھەپ يەنە قادىيانىييەلەر،بەرىيلەۋىيلەر ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئىسلامنى يىقىتىش، مۇسۇلمانلارنى بۆلۈش ئۈچۈن بۇ رايوندا ئىنگلىزلار ئېلىپ بارغان سان ـ ساناقسىز بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرىدۇر .

2 . بۇ ھەرىكەتنىڭ باشچىلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن ۋاقتىمىزدا ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدەك، بۇ ھەرىكەت داھىيلىرىنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن دائىمىي ۋە كۈچلۈك ئالاقىسى بار ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدا ئىنگلىزلار بار بولۇپ، ئىنگلىزلار بۇلارغا ماددى ۋە مەنىۋى ياردەملەرنى بېرەتتى. ھەتتاكى بۇلارنىڭ بەزىسى ھىندىستاندا خرىستىئان دىنى تارقىتىدىغان مىسسىئونېرلار ھەرىكتى بىلەن ئالاقىسى بار ئادەملەر ئىدى.

3 . بۇ قۇرئانچىلار ھەرىكتى ھەر قايسى مەزھەپلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئىسلام دىينىدىن تاشقىرى ھەرىكەتتۇر. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىسلامى بار، قۇرئانغا تەۋە، دەپ تۇرسىمۇ ماھىيەتتە ئىسلام ئۇممىتى رامكىسىدىن ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن ھەرىكەتتۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىز قۇرئانغا تەۋە دېگەنلىكى باتىل. چۈنكى بۇ مەزھەپ ھەدىسنى ئىنكار قىلىپ ھەدىسكە كاپىر بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرئانى كەرىمگە تانغان، كاپىر بولغان مەزھەپتۇر. ئەسلىدە قۇرئان بىلەن ھەدىس ئارىسىدا پەرق يوق. قۇرئان ھەدىس ئىككىسىلا خاتالىقتىن خالىي بولغان ئىلاھىي ۋەھىي مەنبەسىدىن ئىبارەت بىر مەنبەدىن چىققاندۇر.

4 . يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى بۇ ئادەملەرنىڭ نىشانى، روياپقا

چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشۋاتقان غايىسى، ئىسلامنى يوقىتىپ مۇسۇلمانلارنى بۆلۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قۇرئانغا تەۋە دەپ تونۇۋېلىشى ئۇلارنىڭ ۋەيران قىلغۇچ پائالىيەتلىرى ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى «بىز قۇرئانغا تەۋە» دېگەن شوئار ئاستىدا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلار تاقىۋالغان نىقاپتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىز بۇ ئىزدىنىشىمىز ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتلەرنى ئەڭ ئەۋزەل شەكىلدە يورۇتۇپ بەرگەن بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاللاھ مەقسەتلەرگە يەتكۈزگۈچى زاتتۇر. ئۇ بىزگە كۇپايىدۇر. ۋە ناھايىتى ياخشى ۋەكىلدۇر.

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە .

1 .پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى بىلەن تونۇشۇش .

2 .پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنىڭ شەرىئەتشۇناسلىقتىكى ئورنى ۋە ھەدىسنىڭ دەلىل بولالايدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتلىرى .

3 . ھەدىس ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تارىخىي يىلتىزى ۋە مەشھۇر مەزھەپلىرى .

4 . قۇرئانچىلار مەزھىپى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىش ئامىللىرى بىلەن تونۇشۇش .

ھازىرقى ۋاقىتتىكى قۇرئانچىلار مەزھەپلىرى .

5 . قۇرئانچىلارنىڭ شەك شۇبھىلىرى ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە .

خاتىمە .

مۇندەرىجە .

قَالَ تَعَالَىٰ:

﴿أَفَمَن زُيِّنَ لَهُۥ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ فَرَءَاهُ حَسَنًاۖ فَإِنَّ ٱللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَآءُ
وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۖ فَلَا تَذۡهَبۡ نَفۡسُكَ عَلَيۡهِمۡ حَسَرَٰتٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ
عَلِيمُۢ بِمَا يَصۡنَعُونَ ٨﴾

فاطر:8

ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان كىشى (ھىدايەت تاپقان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟) ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ. شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋالما، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

سۈرە فاتىر 8- ئايەت